بىلقۇت باللار چۆچەكلىرى

# قىز كىمگە تەئەللۇق

# 女孩属于谁呢

Qiz kimge te'elluq



شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن-سىن نەشرىياتى
新疆电子音像出版社

www.uyghurkitap.com

# 教与学 تەلىم-تەربىيە ئۈچۈن




# قىز كىمگە تەئەللۇق

## 女孩属于谁呢

## Qiz kimge te'elluq

تەجرىبىلىك ئاتا-ئانىلار پەرزەنت تەربىيەلەشتە ئەجدادلاردىن قالغان ھاياتىي ھېكمەتلەردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشنى؛ راۋان تىل، قىزىقارلىق ۋەقەلىكلەرنىڭ بالىلارنىڭ قەلبىگە تېزلا ئورنىشىپ، ئۇلارنىڭ ئۆمۈرلۈك دەسمايىسىگە ئايلىنىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ. «بىلقۇت بالىلار چۆچەكلىرى»گە خەلق ئاغزاكى ئىجادىيىتىدىكى ھاياتىي كۈچكە تولغان چۆچەكلەر بالىلارچە ساددا ۋە چۈچۈك تىلدا پىششىقلىنىپ كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، بۇ چۆچەكلەردە باتۇرلار ئالقىشلىنىپ، ئەقىل ئىشلىتىش، تەدبىرلىك بولۇش، ئىلىم-پەن، ھۈنەر ئۆگىنىش تەشەببۇس قىلىنىدۇ، ئاقكۆڭۈل، سەممىي، ۋاپادار بولۇش، تەبىئەت ۋە ھايۋاناتلارنى سۆيۈش، ئۇلارنى قەدىرلەش تەكىتلىنىپ، چېۋەر، ئىللىق، خۇشپېچىم بولۇشتەك ئالىيجاناب روھ مەدھىيەلىنىدۇ.

شىنجاڭ بىلقۇت شىركىتىدە تۈزۈلدى

新疆碧利库特公司开发

## بىلقۇت بالىلار چۆچەكلىرى

بىلىمگەننى بىلقۇتتىن بىل!

# قىز كىمگە تەئەللۇق

# 女孩属于谁呢

Qiz kimge te'elluq



شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن-سىن نەشرىياتى
新疆电子音像出版社

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

书　　名　儿童故事
编　　写　碧利库特公
责任编辑　古丽巴哈尔，牙里坤·肉孜
责任校对　克尤木·吐尔逊
设　　计　艾尼瓦尔·吐尔逊，伊尔夏提(书法家)，伊利亚尔(画家)
　　　　　马合木提江(画家)
出　　版　新疆电子音像出版社
地　　址　乌鲁木齐市西虹西路36号
邮　　编　830000
发　　行　新疆新华书店
印　　刷　新疆新华印刷厂
开　　本　850×1168mm　1/32
印　　张　2.5
版　　次　2010年8月第1版
印　　次　2010年8月第1次印刷
书　　号　ISBN　978－7－900511－10－2
定　　价　240元（共30种类，单价8.00元）

# نەشرىياتتىن

ھەرقايسىمىز كىچىكىمىزدىن باشلاپ بوۋا - مومىمىز ۋە ئاتا - ئانىمىز ئېيتىپ بەرگەن ساماۋى چۆچەكلەرنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭدىن يېتەرلىك روھىي ئوزۇق ۋە تەربىيە ئېلىپ چوڭ بولغان. شۇنىڭ ئۈچۈن باللارنى تەربىيىلەشتە، ئۇلارنى ئەدەپ - ئەخلاقلىق، قائىدە - يوسۇنلۇق چوڭ قىلىشتا، ئەقىل بۇلىقىنى ئېچىشتا چۆچەكتەك ئەپچىل ۋە قوللىنىشچان ئۇنۇملۇك ۋاستە بولمىسا كېرەك. شۇنىڭ ئۈچۈن، خەلقىمىزدە يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە ھەممىسى چۆچەك ئاڭلاشنى ۋە ئوقۇشنى ياخشى كۆرىدۇ.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان باللارغا ئائىت كىتاب ۋە ئۈن - سىن بۇيۇملىرى نەشر قىلىپ، كىشىلەرنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشىپ كېلىۋاتقان شىنجاڭ بىلقۇت ئېلېكترون پەن-تېخنىكىسى شىركىتى خەلقىمىزنىڭ چۆچەككە بولغان تەشنالىقىنى قاندۇرۇش، پەرزەنتلەرنىڭ خەلقىمىز ياراتقان چۆچەك خەزىنىسىدىن خەۋەردار قىلىش ۋە ئۇلارنى تەربىيىلەش مەقسىتىدە، «بىلقۇت باللار چۆچەكلىرى» ناملىق بۇ بىر يۈرۈش كىتابچىلارنى تەييارلاپ باللارغا سۇندى. بۇ كىتابلارغا كىرگۈزۈلگەن چۆچەكلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى خەزىنىسىدىكى ناھايىتى مۇھىم، مەزمۇنى چوڭقۇر، تەربىيىۋى ئەھمىيىتى زور بولغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



چۆچەكلەردىن تاللىنىپ، ئۇلارنى بالىلارنىڭ تىلىغا ئايلاندۇرۇپ بىر قېتىم پىششىقلاپ ئىشلەشتىن ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق بارلىققا كەلگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاتا - ئانىلارنىڭ پەرزەنت تەربىيىسىدە پايدىلىنىشىغا تولىمۇ مۇۋاپىق كېلىدۇ.

«بىلقۇت بالىلار چۆچەكلىرى» — چۆچەكلەرنىڭ مەزمۇنى بويىچە ئايرىم - ئايرىم رەتلەنگەن بولۇپ، ھەر بىر چۆچەك مۆھتەرەم بوۋاي بىلەن ئۇنىڭ ئامراق نەۋرىسى بىلقۇتجاننىڭ قىسقا - قىسقا دىئالوگلىرى ئارقىلىق بىر - بىرىگە باغلىنىپ، بىر پۈتۈن گەۋدە ھاسىل قىلىدۇ. چۆچەكلەرنىڭ تىلى چۈچۈك، راۋان ۋە يېقىملىق بولۇپ، ئۆسۈپ يېتىلىۋاتقان پەرزەنتلەرنىڭ ئوقۇشىغا تولىمۇ باپ كېلىدۇ. بىز بۇ بىر يۈرۈش كىتابنى پەرزەنتلىرىنى يارامىلىق تەربىيىلەش يولىدا ئىزدىنىۋاتقان ئاتا - ئانىلارغا ۋە بىلىمگە تەشنا پەرزەنتلەرگە ئالاھىدە تەۋسىيە قىلىمىز.

# مۇندەرىجە

ئەقىل سىناش ........................ 1
دانىشمەن قىز ........................ 4
بالىنىڭ جاۋابى ........................ 11
مەلىكىنىڭ تېپىشمىقى ........................ 14
قايسىسىغا مەنسۇپ بولۇشى كېرەك ........................ 19
ئۈچ دوست ........................ 25
قىزلار نېمە دېگەن بولسا يارايتتى ........................ 30
بۇ قىز كىمگە تەئەللۇق ........................ 35
شۇنداقمۇ جاۋاب بولامدۇ ........................ 45
قىزنى كىمگە بەرسە مۇۋاپىق ........................ 50
قىزنىڭ ئەپچىل چارىسى ........................ 61
پادىچىنىڭ ئەقلى ........................ 65
مىڭ تەڭگە پۇل ........................ 71

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# ئەقىل سىناش

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىنىڭ ئىچىدە چۆچەكلىك تېپىشماقلارمۇ مەلۇم نىسبەتنى ئىگىلەيدۇ. ئادەتتە بالىلار تۆت - بەش يېشىدىن باشلاپ ئاددىي تېپىشماقلارنى تېپىشقا ئاستا - ئاستا ئادەتلەندۈرۈلۈپ، تەدرىجىي ھالدا چۆچەكلىك تېپىشماقلارنىڭ جاۋابىنى تېپىشقا كۆندۈرۈلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بالىلارنىڭ زېھنىي قابىلىيىتى، تەسەۋۋۇر كۈچى تېزلا يېتىلىشكە باشلايدۇ.

مۆھتەرەم بوۋاي نەۋرىسى بىلقۇتجان تۆت - بەش ياشقا كىرگەندىن تارتىپ بەزى تېپىشماقلارنى ئېيتىپ بېرىپ، ئۇنىڭ تەسەۋۋۇر قابىلىيىتىنى يۇقىرى كۆتۈرگەن ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن بىلقۇتجان پۇرسەت تاپسىلا چوڭلار بىلەن، تەڭتۇشلىرى بىلەن تېپىشماق ئېيتىشىپ يۈرىدىغان بولۇپ كەتكەن ئىدى. مانا ھازىر ئۇن ئىككى ياشنىڭ قارىسىنى ئېلىپ قالغان بىلقۇتجان نۇرغۇن تېپىشماق بىلەتتى، ئەمدى ئۇنىڭغا چۆچەكلىك تېپىشماقلارنى ئېيتىپ بېرىدىغان ۋاقتى يەتكەنىدى. مۆھتەرەم بوۋاي ئەمدىكى پۇرسەتتە بىلقۇتجانغا بىرقا-



تار چۆچەكلىك تېپىشماقلارنى ئېيتىپ بېرىش، ئۇنىڭ جاۋابىنى تېپىشقا يېتەكلەش قارارىغا كەلگەن ئىدى.

بۈگۈن بىلقۇتجان كەيپى چاغ ھالدا مەكتەپتىن قايتىپ كەلدى. مۆھتەرەم بوۋاي ئۇنى چېكىپ بېقىش ئۈچۈن:

— بالام، سەن چۆچەكلىك تېپىشماقتىن بىرەرنى بىلەمسەن؟ — دەپ سورىدى.

— بىر - ئىككى يىل بۇرۇن بىرنەچچىمىز غازلار ھەققىدىكى بىر چۆچەكلىك تېپىشماقنى ئېيتىشقاندەك قىلغانىدۇق. ئۇمۇ يادىمدا قالماپتۇ، — دېدى بىلقۇتجان.

مۆھتەرەم بوۋاي بىردەم تۇرۇۋالغاندىن كېيىن:

— چۆچەكلىك تېپىشماقلارنىڭ جاۋابىنى تېپىش ئۈچۈن بىرقەدەر چوڭقۇر بىلىم ۋە كۆزىتىش ئىقتىدارى، شۇنداقلا جەمئىيەت بىلىمى بولمىسا بولمايدۇ، — دېدى چۈشەندۈرۈپ، — شۇنىڭ ئۈچۈن، چۆچەكلىك تېپىشماقلارنى ئاڭلىغاندا ھەم چۆچەك ئاڭلىغاندەك ھۇزۇرلانغىلى، ھەم ئۇنىڭ جاۋابىنى تېپىشقا ئەقىل ئىشلىتىپ، زېھنىي قابىلىيەتنى يۇقىرى كۆتۈرگىلى بولىدۇ.

— شۇنداقمۇ بوۋا؟ — دېدى بىلقۇتجان بىردىنلا جانلىنىپ، — ئۇنداقتا، سىز چۆچەكلىك تېپىشماقلارنى خېلى كۆپ بىلىدىكەنسىز دە؟



— شۇنداق، كۆپ بىلىمەن، — دېدى بوۋاي.

— ئۇنداقتا، ماڭا نې-

مىشقا ئېيتىپ بەرمەيسىز؟
— بايا ئېيتتىمغۇ، — دېدى مۆھتەرەم بوۋاي چۈشەندۈرۈپ، — چۆچەكلىك تېپىشماقلار بىرقەدەر مۇرەككەپ، ئۇنىڭ جاۋابىنى تېپىشمۇ ئاسان ئەمەس. شۇڭا، يەنە ئازراق چوڭ بولغاندا ئاندىن ئېيتىپ بېرەي دەپ ئويلىدىم، ئەگەر ھازىر تاپالايدىغان بولساڭ، ئېيتىپ بەرسەم بېرەي.
— قېنى ئېيتىپ بېرىڭە، مەن جاۋابىنى تېپىپ باقاي! — دېدى بىلقۇتجان شوخلۇق بىلەن.
مۆھتەرەم بوۋاي چۆچەكنى سۆزلەشكە باشلىدى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# دانىشمەن قىز

ئۆتكەن زاماندا بىر كەمبەغەل دېھقاننىڭ يالغۇز قىزى بولغانىكەن. قىز ئىنتايىن چىرايلىق بولۇپ، ئاي دېسە ئاي ئەمەس، كۈن دېسە كۈن ئەمەس، خۇددى بىر پەرىزات ئىكەن. ئۇنىڭ ھۆسن - جامالى دادىسىنى بىر تەرەپتىن خۇشال قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئەندىشىگە سېلىپ قويۇپتۇ. دېگەندەكلا، بۇ قىزنىڭ چىرايلىقلىقىنى ئاڭلىغان پادىشاھ بىر كۈنى دېھقاننى ئوردىسىغا قىچقىرىپ، قىزنى ئۆزىگە خوتۇنلۇققا بېرىشنى ئېيتىپتۇ. دېھقان ئوردىدىن قايتىپ كېلىپ، قانداق قىلىشنى بىلەلمەي غەمگە چۆكۈپ ئولتۇرۇپ قاپتۇ. قىزى دادىسىنىڭ بۇ ئەھۋالىنى كۆرۈپ سەۋەبىنى سوراپتۇ. دادىسى «ئېيتسامىمۇ، ئېيتمىسامىمۇ دەرد» دەپ ئويلاپتۇ - دە، پادىشاھنىڭ ئۇنى ئالماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى، ئۆزىنىڭ جاۋاب بەرمەي، ئۈچ كۈن مۇددەت سورىغانلىقىنى ئېيتىپ كېلىپ:



— قىزىم، سېنى بەرمىسەم، مېنى ئۆلتۈرىدۇ. بېرەي دېسەم، سەن بەختسىز بولۇپ قالىسەن، — دەپ ئۇنى باغرىغا بېسىپ

زار - زار يىغلاپ كېتىپتۇ. قىز ئەھۋالنى چۈشەنگەندىن كېيىن، دادىسىغا تەسەللى بېرىپ:

— بۇ ئىشنى ئۆزۈمگە قويۇپ بېرىڭ، ئوردىغا بارماي تۇرۇپ، پادىشاھتىن قۇتۇلۇشنىڭ چارىسىنى قىلالايمەن، — دەپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن دادىسى قىزىنىڭ سۆزىگە بىر ئىشىنىپ، بىر ئىشەنمەي «بېشىمغا كەلگىنىنى كۆرەرمەن» دەپ كۈتۈپ تۇرۇپتۇ.

ئۈچىنچى كۈنى پادىشاھنىڭ ئەلچىلىرى كەلگەندە، قىزنىڭ دادىسى:

— بۇ ئىشنى قىزىم بىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىپ كۆ-رۈڭلار، — دەپ قىزىنى چاقىرىپ بېرىپ، ئۆزى چىقىپ كېتىپ-تۇ.

قىز ئەلچىلەرگە پادىشاھنىڭ تەلىپىنى قوبۇل كۆرىدىغانلى-قىنى ئېيتىپتۇ. ئەلچىلەر قىزدىن خۇشال بولغان ھالدا تويلۇقنى سورىغاندا، قىز مەنىلىك كۈلۈپ قويۇپ:

— ئالدى بىلەن مېنىڭ بىر سوئالىم بار، سوراشقا بولارمى-كىن؟ شۇنىڭغا جاۋاب بېرىشىسلە مەن تويلۇقنى ئېيتاي، — دەپ-تۇ. ئەلچىلەر سوراشقا بولىدىغانلىقىنى ئېيتقاندىن كېيىن، قىز



پادىشاھنىڭ قانچە ياشقا كىرگەنلىكىنى ۋە قانچە نۆ-ۋەت ئۆيلەنگەنلىكىنى سو-رىغانىكەن، ئەلچىلەر ھېچ ئويلانماستىنلا:

— پادىشاھ يەتمىش

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ياشتا. ئاسماندىكى يۇلتۇزلارنىڭ سانىنى سانىسا بىلگىلى بولار، لېكىن پادىشاھنىڭ قانچە خوتۇن ئالغانلىقىنى ساناپ تۈگەتلىگىلى بولمايدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

قىز قىلچە ھودۇقماستىن:

— ئۇنداق بولسا، مېنىڭ تويلۇقۇم يىگىرمە بۆرە، ئوتتۇز قاپلان، قىرىق ئارسلان، ئاتمىش ئاختا، يەتمىش جىلغا پاختا ۋە سەكسەن تاختا بولسۇن، مۇشۇلار قاچان تەييارلانسا شۇ ۋاقىتتا توي باشلانسۇن، — دەپتۇ.

ئەلچىلەر ئاق ياكى كۆك دېيەلمەي قايتىپتۇ. پادىشاھ پۈتۈن ۋەزىرلىرىنى يىغىپ:

— قىزنىڭ سالغان تويلۇقىنى قانداق قىلىپ تەييارلايمىز؟ — دەپ سوراپتۇ، ۋەزىرلەر قىزنى مەسخىرە قىلىپ كۈلۈپ:

— تۇخۇ داڭگال چۈشەيدۇ، ئۈچكە جاڭگال دېگەندەك، بۇ تېجىمەلنىڭ قىزى ساراڭ بولسا كېرەك، خىيالىغا كەلگىنى جۆيلۈپتۇ، — دەپ پادىشاھقا خۇشامەت قىپتۇ. ئاندىن يەنە پادىشاھقا، — جانابىي ئالىيلىرىنىڭ بىر قېتىملىق تويى ئۈچۈن بۇ قانچىلىك نېمىتى. پەرمان بولسا مۇنداق - مۇنداق قىلساق، — دەپ تاغدىكى چارۋىچىلارغا يىگىرمە بۆرە، ئوتتۇز قاپلان، قىرىق ئارسلاننى بەش كۈندە تەييارلاشنى بۇيرۇق چۈشۈردىغانلىقىنى، ئاتمىش ئاختا بولسا، ئاتخانىدا تەييار ئې-



كەنلىكىنى، يەتمىش جىلىڭ پاختىمۇ تەييار ئىكەنلىكىنى، سەكسەن تاختىنى ياغاچچىلارغا بىر بۇيرۇق چۈشۈرۈپ تەييارلايدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. پادىشاھ بۇ مەسلىھەتنى توغرا تېپىپ، قاقاقلاپ كۈلۈپ خۇشاللىقىنى بىلدۈرۈپتۇ.

شۇ ۋاقىتتا بىر مەدىكار پېشايۋان ئالدىنى سۈپۈرۈپ تۇرۇپ ھېلىقى سۆزلەرنى ئاڭلاپ، پادىشاھنىڭ ھەم ۋەزىرلەرنىڭ ئەقىلسىزلىكىدىن ھەيران قېلىپ، ئۆزىنى تۇتالماي قاتتىق كۈلۈپ تاشلاپتۇ. پادىشاھ ئاڭلاپ قېلىپ دېرىزىدىن قارىسا مەدىكار يالغۇز، ھېچنېمىدىن - ھېچنېمە يوق كۈلۈپ تۇرغۇدەك. پادىشاھ: بۇ كۈلكىدە بىر سىر بولۇشى كېرەك، دەپ ئويلاپ، مەدىكارنى ئالدىغا چاقىرىپ، نېمە ئۈچۈن كۈلگەنلىكىنى سورىغانىكەن، مەدىكار: «ئۆزۈمچىلا» دەپ راستىنى ئېيتماپتۇ. پادىشاھ تېخىمۇ قىزىقىپ تېرە تاراقلىتىپ كۆرسىمۇ نەتىجە چىقماپتۇ. ئاخىر غەزەپكە كېلىپ جاللاتنى چاقىرىپ، كۈلۈشىنىڭ سەۋەبىنى ئېيتىپ بەرمىسە، چېپىشنى بۇيرۇپتۇ. مەدىكار ئىشنىڭ يامان يەرگە يەتكەنلىكىنى بىلىپ:

— بىر قوشۇق قېنىمدىن كەچسىلە ئېيتىپ بېرەي، — دەپتۇ.



پادىشاھ: «كەچتىم» دېگەندىن كېيىن، كۈلۈشىنىڭ سەۋەبىنى بىر - بىرلەپ ئېيتىپ مۇنداق دەپتۇ:

— قىزنىڭ تويلۇقى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ھەققىدىكى گەپ ـ سۆزلىرىڭلارنى ئاڭلاپ، سىلەرنىڭ ئەقىلسىز ـ لىكىڭلاردىن كۈلدۈم. قىزنىڭ يىگىرمە بۆرە دېگىنى، ئادەم بالىسى يىگىرمە ياشقا تولغاندا بۆرىدەك چەبدەس؛ ئوتتۇز قاپلان دېگىنى ئادەم ئوتتۇز ياشقا تولغاندا قاپلاندەك كۈچلۈك؛ قىرىق ئارسلان دېگىنى، قىرىق ياشقا تولغاندا ئارسلاندەك ھەيۋەتلىك بولىدۇ؛ لې ـ كىن، ئادەم ئاتمىش ياشقا تولغاندا خۇددى ئاختا ئاتقا ئوخشاش، يەتمىش ياشتا بولسا پاختىدەك بوشىشىپ قالىدۇ، ئەمدى سەكسەن ياشقا توشقاندا ئادەم تاختا تەلەپ قىلىدۇ، يەنى جىنازا كۈتىدىغان بولۇپ قالىدۇ، يەتمىش ياشقا كىرگەن پادىشاھ مەندەك قىزلارنى ئالىمەن دېمەي، قاچان جىنازا كېلەركىن، دەپ شۇنى كۈتسۇن، پادىشاھقا ھازىر قىز ئەمەس، بەلكى تاختا كېرەك دېگىنى. مانا بۇ ـ نىڭدىن، ھەر قايسىلىرى ناتوغرا پىكىر قىلىپ ئىشقا كىرىشكەن ـ لىرى ئۈچۈن كۈلدۈم، ـــ دەپ يەنە كۈلۈپتۇ.

پادىشاھ ئويلىسا راست. شۇنىڭ بىلەن ۋەزىرلەر ئالاقزادە بو ـ لۇپ، ھوش ـ كاللىسىنى يوقىتىپتۇ، پادىشاھ بولسا، قىزنىڭ ئۆتكۈر ۋە قاقشاتقۇچ پىكرى ئاستىدا ھوشىدىن كېتىپ ئوڭلى ـ نالماي ئۆلۈپتۇ. پادىشاھنىڭ بۇ ئۆلۈمى پۈتۈن خەلقنى خۇشال قىپتۇ. قىزنىڭ شۆھرىتى ئېشىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن خەلق بۇ قىزنى «دانىشمەن قىز » دەپ ئاتاپتۇ.



بىلقۇتجان بۇ چۆچەكنى

ئاڭلاپ، ھاياجانلانغىنىدىن ئورنىدا ئولتۇرالمايلا قالدى.

— بۇ قىز نېمىدېگەن ئەقىللىق - ھە؟ — دېدى ئۇ ئاغزى-ئاغزىغا تەگمەي، — بۇ چۆچەك ناھايىتى قىزىقارلىق ئىكەن. قىزنىڭ دادىل ۋە قەيسەرلىكى، سۆزىنىڭ ئۆتكۈر ۋە دەل جايىغا تەگكەنلىكى، ئوردىدىكىلەرنىڭ نائەھلىلىكى ۋە ئەقىلسىزلىقى بىر - بىرىگە سېلىشتۇرما بولۇپ ئادەمنى بەكمۇ ھاياجانغا سالىدىكەن. تېخى مالايىنىڭ جاۋابىدىن كېيىن قىبرى پادىشاھنىڭ ئاچچىقتا ئۇ ئالەمگە سەپەر قىلغانلىقى، يۇرت ئەھلىنىڭ زالىملارنىڭ ۋەھىمىسىدىن قۇتۇلۇپ ئەمىنلىككە ئېرىشكەنلىكىدەك ۋەقەلەرمۇ دانىشمەن قىزنىڭ دانىشمەنلىكىگە بولغان قايىللىقىمنى ھەسسىلەپ ئاشۇردى...!

مۆھتەرەم بوۋايمۇ بىلقۇتجاننىڭ ھاياجىنىغا ياندىشتى:

— بۇ چۆچەكلىك تېپىشماق خەلقىمىز ئارىسىدا ناھايىتى كەڭ يېلتىز تارتقان بولۇپ، ئىلگىرى يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە بولغان ھەممە ئۇلۇغ - ئۇششاق بۇ چۆچەكلىك تېپىشماقنى بىلەتتى، دېسەم ئارتۇق كەتمەيدۇ. بۇنى ئېيتىش ئارقىلىق خەلقىمىز ئۆزئارا نىكاھلىنىشتا ياش جەھەتتىمۇ مۇۋاپىق بولۇشنى



ئالاھىدە تەكىتلەپ، ئۇنىڭدىن ھەر ۋاقىت ئىبرەت ئېلىپ كەلگەن. ھەر بىر قىلغان ئىشىدا، بولۇپمۇ نىكاھ ئىشىدا بۇ چۆچەك ئارقىلىق ھەق بىلەن ناھەقنى ئايرى-

غان، تويغا قوشۇلىدىغان ياكى قوشۇلمايدىغانلىقىنىمۇ مۇشۇ چۆچەكنى مىسال قىلىپ تۇرۇپ ئېيتىشقان. شۇڭا، بۇ چۆچەكنىڭ خەلقىمىزنىڭ ئىجتىمائىي ئاڭ سىستېمىسىنى، جەمئىيەت تۇزۇلمىسىنى ۋە ئۆرپ - ئادەت، قائىدە - يوسۇنلىرىنى جارى قىلدۇرۇشتا ئوينىغان رولىنى ھەرگىز تۆۋەن چاغلاشقا بولمايدۇ...

— مەنمۇ شۇنداقتەك ھېس قىلدىم، — دېدى بىلقۇتجان.

— جېنىم بالام، — دېدى مۆھتەرەم بوۋاي ئوتتەك قىزغىنلىق بىلەن، — مۇشۇ ھاياجىنىمدا يەنە بىرنى ئېيتىپ بېرەيمۇ؟

— ماقۇل بوۋا!



# بالىنىڭ جاۋابى

بار ئىكەن، يوق ئىكەن، قەدىمكى زاماندا بىر ماختانچاق پادىشاھ بار ئىكەن. بۇ پادىشاھ «يۇرتتا مەندىن باشقا ئەقىللىق ئادەم يوق» دەپ يۈرگەنىكەن.

بىر كۈنى پادىشاھ ئوۋغا چىقىپتۇ. چۈشكىچە ئوۋ ئوۋلاپتۇ، ئەمما ئىشى ھېچ يۈرۈشمەپتۇ. پادىشاھ سەل جىلە بولۇپ تۇرغاندا بىر بالىنى ئۇچرىتىپتۇ. پادىشاھ بالىغا قاراپ:

— ھاي بالا، بىزنى مېھمان قىلساڭچۇ؟ — دەپتۇ. بالا:

— جېنىم بىلەن، باش ئۈستىگە، — دەپتۇ. شۇ چاغدا پادىشاھ:

— بىزلەرنى نېمە سويۇپ مېھمان قىلىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ. بالا:

— تاپساق بىرنى، تاپالمىساق ئىككىنى سويىمىز، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. پادىشاھ بالىنىڭ جاۋابىدىن ھەيران قاپتۇ. ئاندىن ۋەزىرلىرىگە:



— بۇ بالىنىڭ گېپىدە بىر خاسىيەت بار، بۇنى بىر سىناپ كۆرەيلى، — دەپتۇ.

پادىشاھ ئادەملىرى بىلەن بالىنىڭ ئۆيىگە بېرىپتۇ. بالا پا-
دىشاھنى، ئۇنىڭ ئادەملىرىنى ياخشى مېھمان قىلىپتۇ. پادىشاھ
بالىدىن:

— بالا، سەن نەچچە قوي سويدۇڭ؟ — دەپ سوراپتۇ. شۇ
چاغدا بالا:

— بىرنى تاپالمىدۇق، شۇنىڭ ئۈچۈن ئىككىنى سويدۇق، —
دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. پادىشاھ يەنە تەئەججۇپلىنىپ:

— بىرنى تاپالمىساڭ، ئىككىنى قەيەردىن تېپىپ سويىسەن؟ —
دەپتۇ.

— بىزنىڭ بىر بوغاز ساغلىقىمىز بار ئىدى. باشقا قوي تا-
پالماي شۇ بوغاز قوينى سويدۇق. ئۆزىنى سويغاندىن كېيىن، با-
لىسىمۇ ئۆلدى. ئەنە، ئىككىسىنى سويدۇق، دېگەنىنىڭ مەنىسى
شۇ، — دەپتۇ ھېلىقى بالا.

پادىشاھ بۇ گەپنى ئاڭلاپ، بالىنىڭ ئەقلىگە ھەيران قاپتۇ.
كېيىن ئۇنى ئۆز سارىيىغا ئېلىپ كېتىپتۇ. بۇ بالا ئوقۇپ دانا
بوپتۇ، كېيىن پادىشاھ ئۇنى ئۆزىگە باش ۋەزىر قىلىۋاپتۇ.

بىلقۇتجان بۇ چۆچەكنى
ئاڭلاپمۇ قاتتىق ھاياجانلى-
نىپ كەتتى.

— سىز ئېيتقان چۆ-
چەكلەردىكى ئادەملەر نې-
مانداق ئەقىللىق؟ سۆزلە-



سىلا ئاغزىدىن ھېكمەت تۆكۈلىدىكەن، گەپ قىلسىلا، ئاغزىدىن ھېكمەت تۆكۈلىدىكەن. مەن بۇنىڭدىن ھەيران قالدىم، — دېدى ئۇ.

— بۇ چۆچەكلەر نەچچە يۈز يىللاردىن بېرى خەلقىمىز ئارىسىدا ئېغىزدىن - ئېغىزغا كۆچۈپ، تاۋلىنىپ، مانا بۈگۈنكىدەك مۇكەممەل ھالەتكە يەتكەن، — دېدى مۆھتەرەم بوۋاي چۈشەندۈرۈپ، — شۇڭا، ئۇ ھەركىمگە ھېكمەت ئاتا قىلغانىنىڭ ئۈستىگە، يېڭى ۋە ئىبرەتلىك تۇيغۇ ئاتا قىلىدۇ. ئەمدى مەن ساڭا ئۇزۇنراق تېپىشماقلىق چۆچەكلەردىن بىرنى ئېيتىپ بەرمىسەم بولمىدى، بايا ئېيتقانلىرىم بەك قىسقا بولۇپ قالدى، سەنمۇ ئاڭلاپ بولغۇچە تۈگەپ كەتتى، ئەمدى ئۇزۇنراقىدىن بىرنى ئاڭلا، ئاندىن جاۋابىنى تېپىپ باق!



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com



# مەلىكىنىڭ تېپىشمىقى

بار ئىكەن، يوق ئىكەن، قەدىمكى زاماندا بىر پادىشاھ ئۆتكەن ئىكەن. ئۇنىڭ ساھىبجامال دېگەن بىر قىزى بار ئىكەن. ئۇنىڭ بىر شېئىرىي تېپىشمىقى بار بولۇپ، «كىمكى تېپىشمىقىمنىڭ مەنىسىنى ئېيتىپ بەرسە، شۇنىڭغا تېگىمەن. كىمكى تاپالمىسا، جاللاتقا كاللىسىنى ئالدۇرىمەن» دەيدىكەن. ھەر تەرەپتىن شاھزا- دىلەر، بەگزادىلەر، بايۋەچچىلەر كېلىپ ئۇنىڭ تېپىشمىقىنى تا- پالماي، كاللىسىدىن جۇدا بولۇشۇپتۇ.

ئاشۇ مەملىكەتنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىدىكى بىر خارابە كۆل- بىدە بىر يېتىم تاز قېرى ئانىسى بىلەن ياشايدىكەن. ئۇ بۇ خە- ۋەرنى ئاڭلاپ:

— ئاشۇ قىزنىڭ تېپىشمىقىغا مەن جاۋاب بېرىمەن، — دەپتۇ.

ئانىسى قورقۇپ، ئوغ- لىنى ئەۋەتىشكە ئۇنىماپتۇ.



— نۇرغۇن - نۇرغۇن شەھزادىلەر، بەگزادىلەر ۋە بايۋەچچىلەر تاپالمىغاننى سەن تاپالارمىدىڭ، — دەپ

زارلاپتۇ.

تاز ئاخىرى ئانىسىنى ئۇنتۇپتۇ. ئانىسى ئوغلىغا كۆمەچ قىلىپ بېرىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن تاز پادىشاھنىڭ سارىيى تەرەپكە بېرىپتۇ. تاز پادىشاھنىڭ ئوردىسىغا بېرىپ ئۈچ كۈن يېتىپتۇ. شۇ چاغدا مەلىكىنىڭ كېنىزەكلەردىن بىرى تازنى كۆرۈپ قېلىپ، سوراپتۇ:

— سەن بۇ يەردە نېمىگە ياتىسەن؟ ساڭا بۇ يەردىن باشقا ياتىدىغان جاي يوقمۇ؟

شۇ چاغدا تاز:

— مەن مەلىكىنىڭ تېپىشمىقىنى تاپقىلى كەلدىم، — دەپتۇ.

كېنىزەك مەلىكىگە تازنىڭ گېپىنى يەتكۈزۈپتۇ. مەلىكە:

— ئېلىپ كېلىڭلار! — دەپتۇ.

تازنى ئۇنىڭ ھۇزۇرىغا ئېلىپ كىرىشىپتۇ. مەلىكە ئۇنىڭغا تېپىشماقنى ئېيتىپتۇ:

— يىراق يەردە ئوت كۆيەر،
ئۇنى تېپىڭ، ئەخمەق تاز.
سېسىق سايدا ئىت ھۈرەر،
ئۇنى تېپىڭ، ئەخمەق تاز.
چار بېغىمدا جۈپ چىنار،
ئۇنى تېپىڭ، ئەخمەق تاز.
ئېشىكىمدە قوش مۈڭگۈز،
ئۇنى تېپىڭ، ئەخمەق تاز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



قارا تالىم پۇتاقسىز،
ئۇنى تېپىڭ، ئەخمەق تاز.
ئاققىنە قوزام سۆڭەكسىز،
ئۇنى تېپىڭ، ئەخمەق تاز.

شۇ چاغدا تاز مەلىكىنىڭ شېئىرىي تېپىشمىقىغا شۇنداق جاۋاب بېرىپتۇ:

— يىراق يەردە كۆيگىنى،
بۆرە كۆزى، ئايىمقىز.
سېسىق سايدا ئىت ھۇرگىنى،
چار پاقىلار، ئايىمقىز.
چاربېغىڭدا جۇپ چىنار،
ئاتا - ئاناڭ، ئايىمقىز.
ئېشىكىڭدە قوش مۇڭگۇزۇڭ،
ئىنى - سىڭلىڭ، ئايىمقىز.
قارا تالىڭ پۇتاقسىز،
قارا چېچىڭ، ئايىمقىز.
ئاققىنە قوزاڭ سۆڭەكسىز،

قوش ئانارىڭ، ئايىمقىز، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ تاز.

شۇ چاغدا مەلىكە «بۇ تاز تېپىشمىقىمنىڭ جاۋابىنى تاپتى» دەپ كېنىزەكلىرىگە ئېيتىپتۇ. كېنىزەكلەر شۇ ھامان چاپارمەنلەرگە خەۋەر قىلىپتۇ. چاپارمەنلەر شۇ ھامان پادىشاھقا خەۋەر قىلىشىپتۇ.

پادىشاھ چاپارمەنلەرگە سۆيۈنچە بېرىپتۇ. پادىشاھ قىرىق

كېچە ـ قىرىق كۈندۈز توي قىلىپ، مەلىكىنى تازغا بېرىپتۇ ۋە تازنى ئۆزىگە ئوڭ قول ۋەزىر قىلىۋاپتۇ. تاز مەلىكە بىلەن مۇراد ـ مەقسىتىگە يېتىپتۇ.

— «ئەقىللىق تاز» ھەققىدە ئىلگىرى بىرمۇنچە چۆچەكلەردە توختىلىپ ئۆتكەن ئىدۇق. شۇ چاغدىمۇ مۇشۇنداق تېپىشماق ئېيتقانمۇ ـ قانداق؟ — دېدى بىلقۇتجان ئەجەبلىنىپ.

— تېپىشماق ئېيتىشنى ئېيتىدۇ، ئەمما بۇنىڭغا ئوخشىماي-دۇ، — دېدى مۆھتەرەم بوۋاي چۈشەندۈرۈپ، — ئۇنىڭ ئۈستىگە تاز تېپىشماقنى تېپىۋالسا، چىدىماي، تازنى يەنە نۇرغۇن مۇشكۇل ئىشلارغا بۇيرۇيدۇ، ئۇ ئىشلارنى ئورۇنداپ بولغاندىن كېيىنلا، ئاندىن مەلىكىنى ئەمرىگە ئالالايدۇ. دېمەك، بىر ـ بىرىدىن خې-لىلا پەرقلىنىدۇ.

— ھە، شۇنداقمۇ؟... بىر ئاڭلىماققا ئوخشاشتەك بىلىنىپ قالىدىكەن. بۈگۈن ماڭا قىسقا چۆچەكلەرنى ئېيتىپ بېرىپ بىر تەرەپتىن ھاياجانلاندۇرۇۋەتتىڭىز، يەنە بىر تەرەپتىن بېشىمنى ئايلاندۇرۇپمۇ قويدىڭىز. ئەسلىدە ھەممىسىنى ئېسىمدە تۇتۇۋالار-مەن دەپ ئويلىغانىدىم، ئەم-ما سانى جىق بولۇپ كەتسە ئەستە تۇتۇشمۇ قىيىنغا توختايدىكەن. شۇڭا بۈگۈنچە چۆچەك ھەققىدىكى سۆھبە-تىمىزنى مۇشۇ يەردە توخ-



uyghurkitap.com



تىتىپ تۇرساق. قالغانلىرىنى ئەتە ئاڭلىسامىمۇ كېچىكمەيمەن. سىزمۇ ئازراق ئارام ئېلىۋېلىڭ، — دېدى بىلقۇتجان.

— كۆڭۈل بۆلگىنىڭگە رەھمەت، بالام! — دېدى بوۋاي كۈلۈپ تۇرۇپ، — لېكىن مەن ئېيتىپ بەرگەن چۆچەكلىك تېپىشماقلار ئۇنچە قىيىنمۇ ئەمەس، ياتقۇچىلىك بىر قۇر ئەسلەپ باقساڭلا بىر - بىرلەپ يادىڭغا چۈشىدۇ. ئەتە بەك قىزىقارلىقلىرىنى ئېيتىپ بېرىمەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇلارنىڭ جاۋابى يوق، شۇڭا جاۋابىنىمۇ ساڭا تاپقۇزىمەن. سەگەك بول، بولمىسا ئالدىمدا تىرناق تاتىلاپ قالىسەن!

— چاتاق يوق، بەربىر ئىككىمىز ئۆزئارا ياردەم قىلىشىپ تاپىمىز ئەمەسمۇ، — دېدى بىلقۇتجان.

ئەتىسى بىلقۇتجان مۆھتەرەم بوۋايغا تۆۋەندىكى چۆچەكنى ئېيتىپ بەردى.



# قايسىسىغا مەنسۇپ بولۇشى كېرەك

ئۆتكەن زاماندا ئاتا - ئانىسى ئۆلۈپ كېتىپ، بىر ئۆيدە تۇرمۇش كەچۈرىدىغان ئىككى ئاكا - ئۇكا بولغانىكەن، بىر كۈنى بۇلار ئەرزىمەس بىر ئىش بىلەن خاپا بولۇشۇپ قاپتۇ - دە، ئاكىسى قېيداپ ئۆيدىن چىقىپ كېتىپتۇ.

ئارىدىن ئون يىلچە ۋاقىت ئۆتۈپ، ئاكىسىدىن ھېچقانداق ئىز - دېرەك بولماپتۇ، ئۇكىسى ئەندىشە قىلىپ، كىشىلەردىن ئاكىسىنى سۈرۈشتۈرۈپتۇ، دېرىكى بولماپتۇ. شۇڭا ئۇ ئاكىسىنىڭ ئۆلۈم مەرىكىسىنى ئۆتكۈزۈپ، غايىبانە قەبرىسىنى تىكلەپتۇ.

كۈنلەر ئۆتۈپ، سىم - سىم يامغۇر يېغىۋاتقان بىر كۈز كېچىسى تۇيۇقسىز ئىشىك قېقىلىپتۇ.

— بۇنداق چاغدا ئىشىك قاققان كىم؟

ئىنىسىنىڭ ئۆي ئىچىدىن ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ.



— مەن.

— مەن دېگەن كىم؟

— مەن — ئاكاڭ، ئىشىكنى ئاچقىن!

ئىنىسى بۇ گەپكە ئىشەنمەي، كۆڭلىدە: بۇ پەي-

لىنى بۇزۇپ كەلگەن بىر ئوغرى بولسا كېرەك، دەپ ئويلاپتۇ-دە:

— مېنىڭ ئاكام يوق، ھەرقانداق ئىشىڭ بولسا ئەتە كەل، ھازىر ساڭا ئىشىك ئاچمايمەن، — دەپتۇ.

نەچچە كۈنلۈك يولنى پىيادە بېسىپ، ئىنىمنى كۆرىمەن دې-گەن ئۈمىد بىلەن كەلگەن ئاكىسىغا بۇ گەپ ناھايىتى ھار كەپتۇ-دە، يېنىدىكى ئىتتىك پىچاق بىلەن ئۆزىنىڭ كاللىسىنى تېنىدىن جۇدا قىپتۇ.

دەرۋازا قايتا قېقىلمىغاندىن كېيىن، ئېرىنىڭ گېپى بىلەن ئويغىنىپ كەتكەن ئايالىنىڭ كۆڭلىگە گۇمان چۈشۈپتۇ ۋە ئېرى-گە مۇنداق دەپتۇ:

— دەرۋازا قاققۇچى راستتىن ئوغرى بولغان بولسا، سىلى-نىڭ بىر قېتىملىق گەپلىرى بىلەن جىمىپ كەتمەي، يەنە ئىشىك قېقىپ بىزنى پاراكەندە قىلغان بولاتتى، مېنىڭچە، بۇ ئوغرى ئە-مەس، بەلكى راست ئاكىلىرى بولۇشى مۇمكىن، كېتىپ قالمىغان بولسا، چىقىپ قاراپ باقسىلا قانداق؟

ئەر ئورنىدىن تۇرۇپ كىيىملىرىنى كىيىپ، چىراغنى كۆتۈ-رۈپ سىرتقا چىقىپ كې-تىپتۇ.



ئارىدىن بىر ئاز ۋاقىت ئۆتۈپتۇ، ئېرى قايتىپ كىرمەپتۇ، ئايالىنىڭ كۆڭ-لىگە ۋەھىمە چۈشۈپتۇ-

دە، كىيىم ـ كېچەكلىرىنى ئالدىراشلىق بىلەن كىيىپ، قولىغا كەكە تۇتقان ھالدا ئىشىك ئالدىغا چىقىپ، بىردىنلا چۆچۈپ كېتىپتۇ. قارىسا، غەرق قانغا بويالغان ھالدا ئېرىنىڭ تېنى بىر يەردە، كاللىسى بىر يەردە تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ يېنىدا يەنە بىر جەسەت يېتىپتۇ، چىراغ بولسا ئىشىكنىڭ تۆۋىدە غۇۋا نۇر چېچىپ جەسەتلەرنى سۇس يورۇتۇپ تۇرۇپتۇ. ئايال بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، ئېرىنىڭ جەسىتىگە تاشلىنىپ، جەسەتنى قۇچاقلاپ: «ۋاي مۇرەبىيىم!» دەپ ئۈن سېلىپ يىغلاپتۇ.

يىغلاش بىر ھازا داۋاملاشقاندىن كېيىن، بىرىنىڭ: «قىزىم، بولدى، سەۋر قىلىڭ!» دېگەن ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ. ئايال بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىسا، چاچ ـ ساقاللىرى ئۇچتەك ئاقارغان، چىرايىدىن نۇر يېغىپ تۇرىدىغان بىر مويسىپىت كىشى يېنىدا قاراپ تۇرۇپتۇ. ئايال ھەيران بولۇپ يىغىسىنى توختىتىپتۇ.

— قىزىم، بۇ كىمكىن دەپ قالماڭ، — دەپ سۆز باشلاپتۇ مويسىپىت كىشى، — مەن خىزىر بولىمەن. يۈز بەرگەن ئەھۋالنى سىزگە قىسقىچە دېسەم، ئېرىڭىز ئىشىكنى ئېچىپ، «مېنىڭ ئاكام يوق» دېگەن گەپنىڭ تەسىرى بىلەن ئۆزىنى بوغۇزلىۋەتكەن بۇ يىگىتنى تونۇغان ـ دە، «ماڭا ئاكامسىز ياشاشنىڭ نېمە كېرىكى بار» دەپ، كاللىسىنى تېنىدىن جۇدا قىلغان. مەن بۇ ئاقىۋەتنى ئوڭشاپ، ھەر ئىككىيلەنگە



قايتا جان ئاتا قىلىشنى تىلەپ بېرەي، بۇنىڭدىن كېيىن بۇلار بىر ئۆيدە ئىناق ئۆتسۇن.

خىزىر ئايالغا ھەركىمنىڭ بېشىنى ئۆز بويىنىغا ھىملاشنى تاپشۇرۇپتۇ، بىراق، خۇشاللىقنى سىغدۇرالمىغان ئايال بىخەس-تەلىك قىلىپ، ئېرىنىڭ كاللىسىنى قېينئاكىسىنىڭ تېنىگە، ئېرىنىڭ تېنىنى قېينئاكىسىنىڭ كاللىسىغا ئالماشتۇرۇپ قو-يۇپتۇ، خىزىر جەسەتلەرگە جان تەلەپ قىپتۇ-دە، كۆزدىن غايىب بوپتۇ.

بىر پەستىن كېيىن جەسەتلەر تىرىلىپ، ئورنىدىن تۇرۇپتۇ، قارىسا، بۇ ئىككىيلەننىڭ بېشى بىلەن تېنى بىر-بىرىگە ئال-مىشىپ قالغان، ئايال بۇلاردىن قايسىسىنىڭ ئۆز ئېرى ئىكەنلى-كىنى بىلمەي قاپتۇ.

قېنى، جېنىم بالام، ئايرىپ باقىنا! ئايال بۇلارنىڭ قايسى-سىغا مەنسۇپ بولۇشى كېرەك؟

بىلقۇتجان بۇ قورقۇنچلۇق چۆچەكنى ئاڭلاپ تېنى شۈركۈنۈپ كېتىۋاتقاندا ئاخىرلىشىپ قالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ چۆچەكنىڭ ئاخىرىدا سوئال بار ئىدى. بوۋاي بۇ سوئالنى سورىغاچ ئۇنىڭغا قارىدى. بىلقۇتجان نېمە دېيىشنى بىلەلمەي ھاڭ-تاڭ بولۇپ تۇرۇپ قالغانىدى.



— هوي بالام، قېنى جاۋاب بەرگىنە، ئايال قايسىسىغا مەن-سۇپ بولۇشى كېرەك، قايسىسىنى ئېرىم دەپ ئاتىشى كېرەك؟ — دېدى بوۋاي.

— مەن چۆچەكتىكى قورقۇنچلۇق ۋەقەدىن تېنىم شۈركۈنۈپ تۇرۇۋپلا قاپتىمەن، قورقۇنچۇم تېخىچە بېسىلغىنى يوق، — دېدى بىلقۇتجان خىجىل بولغان هالدا، — ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ بىر قى-يىن مەسىلە ئىكەن، مەن تازا ئاڭقىرالماي قالدىم...

— ئۇنداق دېسەڭ بولمايدۇ، چوقۇم تېپىشىڭ كېرەك.

— ئۇنداق بولسا بەلگىلىرىنى دەپ بېرىڭ، ئاندىن تاپاي.

— ئادەمگە كاللا بولمىسا بولمايدىغۇ، بىز نېمىمىز بىلەن بىر نەرسىلەرنى ئويلايمىز؟ — دېدى بوۋاي.

— كاللىمىز بىلەن.

— ئۇنداقتا بۇنىڭ جاۋابچۇ؟

— ...

— بوپتۇ ئەمىسە، — دېدى بوۋاي بىلقۇتجاندىن جاۋاب ئالال-ماي، — بۇ قېتىم مەن ئېيتىپ بېرەي، بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنداق بولمايدۇ جۇمۇ! بۇ چۆچەكنىڭ جاۋابى مۇنداق: ئايال ئەلۋەتتە ئې-رىنىڭ بېشى جىپسىلاشقان تەنگە مەنسۇپ بولۇشى كې-رەك، چۈنكى ئادەمنىڭ هەرقانداق ئىش پائالىيىتى ئەقلى - هوشى، مېڭىسى بىلەن بولىدۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



— مەنمۇ شۇنداق دەپ تۇراتتىم، — دېدى بىلقۇتجان گەپ بەرمەي، — ئۇيلىغىنىمدەك بولدى...

— ئۇنداق بولسا يەنە بىرنى ئېيتىپ بېرەي، شۇنى تاپالساڭ، بايىقى گېپىڭگە ئىشىنىمەن، بولمىسا سېنى تەييارغا ھەييار ئىكەن، دەيمەن.

— ماقۇل، قېنى ئېيتە!— دېدى بىلقۇتجان بىردىنلا جانلىنىپ.



# ئۈچ دوست

ئۆتكەن زاماندا بىر ياغاچچى، بىر تىككۈچى ۋە بىر زاھىت دوست ئىكەن. بىر كۈنى ئۇلار مەسلىھەتلىشىپ: «بىز شۇنداق پاكىز ھۈنەرۋەنلەردىن، ئەمما ھېچ كىشى بىزنىڭ قەدرىمىزنى بىلمەيدۇ، شۇڭا بىز باشقا يۇرتقا بېرىپ ھۈنەر قىلساق قەدرىمىزنى بىلەرمىكىن؟» دەپ، ئۈچەيلەن باشقا يۇرتقا راۋان بوپتۇ. كەچ كىرگەندە بىر يەرگە كېلىپ قونماقچى بوپتۇ. ئەسلىدە بۇ يەردە قاراقچىلار بار ئىكەن. ئۇلاردىن بىرى:

— بۇ قاراقچىلارنىڭ ئۇۋىسى، بىز بىر كېچىنى ئۈچكە بۆلۈپ كۆزەتچىلىك قىلايلى! — دەپتۇ. ئالدى بىلەن ياغاچچى كۆزەتچىلىككە تۇرۇپتۇ، ئۇ زېرىككىنىدىن بىر كۆتەكنى چېپىپ، بىر قىزنىڭ چىرايلىق ھەيكىلىنى ياساپتۇ. نۆۋەت تىككۈچىگە كەلگەندە قارىسا بىر ھەيكەل تۇرغۇدەك، ئۇ: مەنمۇ ئۆز ھۈنىرىمنى



كۆرسىتەي، دەپ ئويلاپ، ھەيكەلگە چىرايلىق كىيىم تىكىپ كىيدۈرۈپتۇ. نۆۋەت زاھىدتقا كەپتۇ. زاھىت بۇلارنىڭ ھۈنىرىنى كۆرۈپ: بۇلارغۇ قولىدىن كەلگەننى

قىپتۇ، مەن قانداق قىلارمەن؟ دەپ ئەندىشىدە قاپتۇ ۋە ئاخىرى: «مېنىڭ ئىشىم مۇناجات قىلماقتۇر» دەپ، پاك بولۇپتۇ ھەمدە: «ئەي تەڭرىم، مېنىڭ تىلىكىمنى قوبۇل قىلىپ، ھەيكەلگە جان ئاتا قىلغىن، مېنى شەرمەندە قىلمىغىن!» دەپ ناھايىتى كۆپ يىغلاپتۇ. زاھىتنىڭ تىلىكى ئىجابەت بولۇپ، ھەيكەلگە جان كىرىپتۇ. بۇ ھەيكەل شۇنداق چىرايلىق ساھىبجامال بوپتۇكى، بۇ نازىنىنىنىڭ جامالىدىن ئايتاپمۇ خىجىل بولغۇدەك.

تاڭ ئېتىپ ئۇلار ئويغىنىپتۇ، بۇ نازىنىنىنى كۆرۈپ ھەممىيلەن ئاشىق - بىقارار بولۇپتۇ. ياغاچچى:

— مەن بۇنىڭ ھەيكىلىنى ياسىغان، شۇڭا بۇ مېنىڭ بولۇشى كېرەك، — دەپتۇ. تىككۈچى:

— مەن بۇنى چىرايلىق كىيىملەر بىلەن زىننەتلىگەن، شۇڭا بۇ ماڭا تەئەللۇقتۇر، — دەپتۇ. زاھىت:

— مېنىڭ تىلىكىم بىلەن ئۇنىڭغا جان كىردى، شۇڭا بۇ قىز ماڭا تەئەللۇق بولۇشى كېرەك، — دەپتۇ.

ئەمدى بۇ قىز ياغاچچىغا تېگەرمۇ؟ تىككۈچىگە تېگەرمۇ ياكى زاھىتقا تېگەرمۇ؟

مۆھتەرەم بوۋاي چۆچەكنى ئېيتىپ بولۇپ، بىلقۇتجانغا سوئال نەزىرىدە تىكىلدى، بىلقۇتجان سەل گاڭگىراپ قالغاندەك قىلا-



تى، شۇنداقتىمۇ ئۇ بايا لاپ ئۇرۇپ قويغاچقا:

— مېنىڭچە، قىز ياغاچچىغا تېگىشى كېرەك، — دېدى ئۇ كەسكىن ھالدا، — چۈنكى، ھېچكىمنىڭ يادىدا يوق ۋاقتىدا ئۇ ھۈنىرىنى كۆز - كۆز قىلىش ئۈچۈن ياغاچتىن بىر قىزنىڭ ھەيكىلىنى ياساپ چىققان، ئەگەر ئۇ قىزنىڭ قونچىقىنى ياسىمى-غان بولسا، تىككۈچىمۇ ئۇنىڭغا چىرايلىق كىيىم تىكىپ كىيگۈ-زۈپ قويمىغان بولاتتى، ئاندىن زاھىتمۇ ئۇ ئىككى ھۈنەرۋەندىن قالماي دەپ جان كىرگۈزۈپ قويۇشنىمۇ تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋال-مايتتى. شۇڭا، نەتىجە ئۇنى ئەڭ ئالدى بىلەن ئويلىغان ۋە ئۇنى قول سېلىپ ئىشلىگەن كىشىگە مەنسۇپ بولۇشى كېرەك.

— ئوبدانراق ئويلاپ كۆر، — دېدى بوۋاي ئۇنىڭ كۆزقارى-شىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، — ياغاچچى قىزنىڭ قونچىقىنىلا يا-ساپ قويدى، ئۇ پەقەت كېچىدە كۆزەتچىلىك قىلغاندا زېرىكىپ قېلىپ، ئۆز ھۈنىرىنى بىر كۆز - كۆز قىلىش ئۈچۈنلا بۇ قون-چاقنى ياسىدى، ئەمما ئۇ كېيىنكى ئىشلارنىڭ بۇنداق بولۇپ كې-تىشىنى ۋە چىرايلىق بىر قىزنىڭ تىرىلىپ كۆز ئالدىدا پەيدا بو-لۇشىنى ھەرگىزمۇ ئويلاپ باقمىغان، شۇنىڭ ئۈچۈن ياخشىراق ئويلاپ باقىن، قىز زادى كىمگە تەئەللۇق بولۇشى كېرەك؟



— يەنىلا ياغاچچىغا تە-ئەللۇق بولۇشى كېرەك. مەيلى زېرىكىشلىكتىن

بولسۇن ۋە مەيلى باشقا سەۋەبتىن بولسۇن، ياغاچچى قىزنى ئەڭ دەسلەپتە خىيال قىلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن سۆزۈمدە چىڭ تۇ-رىمەن.

مۆھتەرەم بوۋاي ئۇنىڭغا:

— بالام، مەن بىلەن تالىشىۋېرىپ، بۇ تېپىشماقنىڭ توغرا جاۋابىدىن بارغانچە يىراقلاپ كېتىۋاتىسەن، — دېدى سەۋرچانلىق بىلەن، — قارىماققا سېنىڭ جاۋابىڭ توغرىدەك بىلىنىدۇ. لې-كىن، شۇنى ئويلاپ يېتىشىڭ كېرەككى، بېلىقداندىكى تىرىك بې-لىق بىلەن سەن كىچىككىدە ئوينايدىغان بېلىق قونچىقىنىڭ زور پەرقى بار. بىزنىڭ تالاش - تارتىش قىلىۋاتقىنىمىز مەسىلىنىڭ ماھىيەتلىك تەرىپىدىن ئىبارەت، ئەمما كىم قىلدى، كىم قىلمى-دى دېگەننى تالاشمايمىز. شۇڭا، قونچاققا كىم جان كىرگۈزدى، مانا بۇ ماھىيەت، ماھىيەت ھەل بولغاندىن كېيىن، بۇ تېپىشماق-نىڭ جاۋابى ئۆزلۈكىدىن پەيدا بولىدۇ. دېمەكچىمەنكى، جانسىزغا جان كىرگۈزۈش ھەممىدىن مۇھىم. شۇڭا، بۇ تېپىشماقنىڭ توغرا جاۋابى قايسىكەن؟

بىلقۇتجان بىردەم ئويلاپ تۇرغاندىن كېيىن، ئىلاجسىز:



— ئەمدى ئويلاپ باق-سام، قىز زاھىتقا تەئەللۇق بولسا توغرا بولىدىغاندەك تۇرىدۇ، چۈنكى، زاھىتنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن قىزغا جان كىردى ئەمەسمۇ، —

دېدى.

— ھەببەللى! — دېدى بوۋاي ئۇنى ماختاپ، — ئەمدى دەل جايىنى تاپتىڭ، بۇ تېپىشماقنىڭ جاۋابى شۇكى: قىز زاھىتقا تەئەللۇق بولۇشى كېرەك، چۈنكى زاھىت ھەيكەلگە جان تەلەپ قىلمىغان بولسا، قىز ھەيكەل پېتىچە تۇرۇۋەرگەن بولاتتى.

بىلقۇتجان قايىللىق بىلەن بېشىنى لىڭشىتتى.

— مەنمۇ كىچىك چېغىمدا تۇنجى قېتىم بۇ چۆچەكلىك تېپىشماقنى ئاڭلىغاندا، خۇددى ساڭا ئوخشاش جاۋاب بەرگىنىم ئېسىمدە. تېخىمۇ دادىلراق بول، بۇنىڭدىن كېيىنكى تېپىشماقلارنى ئېيتىپ بەرسەم، چوقۇم توغرا جاۋابىنى تاپالايدىكەنسەن!

بىلقۇتجان بۇ سۆزلىرىدىن بەك ئىلھاملىنىپ كەتتى. مەن ئۇنىڭغا يەنە:

— ھازىر مەن ساڭا يەنە بىر چۆچەكلىك تېپىشماق ئېيتىپ بېرەي، جاۋابىنى تېپىپ باققىن - ھە؟ — دېدى بوۋاي.

— ماقۇل، بۇ قېتىم چوقۇم توغرا جاۋابىنى تاپمىسام ھېساب ئەمەس!



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# قىزلار نېمە دېگەن بولسا يارايتتى

بار ئىكەنۇ، يوق ئىكەن، گاھ قورساق ئاچ بولسا، گاھ توق ئىكەن، بەزىلىرى جۈپ بولسا بەزىلىرى تاق ئىكەن. شۇنداق زامانلارنىڭ بىرىدە، بىر يۇرتتا بىر كىشى بولغانىكەن. ئۇ كىشىنىڭ مەمەتنىياز دېگەن بىر ئوغلى بار ئىكەن، كۈنلەر ئۆتۈپ، يىللار ئۆتۈپ ئوغۇل چوڭ بولغانچە مەمەتنىياز دېگەن بۇ ئىسىم مەتنىيازغا ئۆزگىرىپتۇ. قىش ئۆتۈپ ئەتىياز كېلىپتۇ، كېيىن ياز ئۆتۈپتۇ، كۈز تۈگەپتۇ، قىشمۇ ئارقىسىدىن قوغلاپ كېلىپتۇ. كىشىلەر تۈنجى ياغقان قارنىڭ شەرىپىگە ئۆزلىرىنىڭ قائىدە- يوسۇنى بويىچە كاتتا زىياپەتلەرنى راسلاپ قارلىق ئويۇنى ئويناپتۇ. ھەممە كىشىلەرنىڭ دىلى شاد- خۇراملىقتىن يايراپتۇ. ئۆي- ئۆيلەردە تويلار قايناپتۇ. يۇرت- جامائەت توي ئويناپ ھارماپتۇ، ئويۇنغانچە، تويغا قانماپتۇ، مەتنىيازمۇ ھەممە تويدىن قالماپتۇ.



شۇ جەرياندا ئۇ بالاغەتكە يېتىپ چوپچوڭ يىگىت بولۇپ قاپتۇ. ئوغۇل «جۆيلۈمەك» بولۇپتۇ، ئاتىسى بالىسىنى «ئۆيلىمەك» بولۇپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ئاتىسى

ئەل ـ يۇرت ئارىسىدىن ئۆزىگە يارىغۇدەك بىر قىز تېپىش ئۇچۇن ئوغلىنى يېتىلەپ مەھەللىمۇ مەھەللە ئايلانماق بوپتۇ. ئوغۇل بۇنىڭغا ماقۇل بوپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار ئايلىنىشنى باشلىۋېتىپتۇ، كاللىسىدىكى بارلىق خىياللارنى تاشلىۋېتىپتۇ. ئۆيلەرنىڭ ئالدىغا بىرمۇ بىر كېلىۋېرىپتۇ. ئاتىسى ھەربىر قىزى بار ئۆينىڭ ئالدىغا كەلگەندە بار ئاۋازى بىلەن ۋارقىراپ ـ جارقىراپ، ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ كۆتۈرۈپ ئوغلىغا كايىپتۇ. گۇناھلارنى قويۇپتۇ. بۇ ۋاراڭ ـ چۇرۇڭلارنى ئاڭلىغان قىزلار ئۆيلىرىدىن يۇگۇرۇشۇپ چىقىپتۇ، ئىشىك ئالدىدىكى بولغان ئىشنى كۆرۈپتۇ، بىردەم ھەيرانلىقتا تۇرۇپتۇ. ئاندىن ئەقلى لال بولغان ھالدا بىر قىز:

— ۋاي ئاتا، ئوغۇللىرىغا نېمانچە كايىيلا، ئاچچىقلىرىنى بېسىۋالسىلا، — دەپتۇ. ھېلىقى كىشى:

— بۇ ئوغلۇم مەن نېمە قىل دېسەم شۇنى قىلىدۇ، — دەپ دادلاپتۇ. بۇ قىز كۆڭلىدە: قانداق ساراڭ ئادەم بۇ، دەپ ئويلاپ:

— دېگەنلىرىنى قىلسا يەنە نېمە كايىش؟ شۇنداقمۇ كايىش بولامدۇ؟ — دەپتۇ.



بۇ كىشى قىزنىڭ جاۋابىنى ئاڭلاپ كۆڭلىدە: ھە بۇ قىز يارىمايدىكەن، دەپتۇ ـ دە، باشقا بىر كىشىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا ئوغلىنى يېتىلەپ بېرىپ يەنە بايىقى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



دەكلا كايىپتۇ. ئۇ ھويلىدىنمۇ قىزلار چىقىپ بايىقىدەكلا سوراپ-تۇ - دە، ئۇ كىشىنىڭ جاۋابىغا بايىقى قىزلار بەرگەن جاۋابنى بېرىپتۇ. ئوغۇلنىڭ دادىسى ئۇلارنى «يارىمايدىكەن» دەپ ئۇ يەر-دىنمۇ كېتىپتۇ. ئۇلار مەھەللىدىكىلەرنى قويماي ئارىلاپتۇ، ئۆي-ئۆيلەردىن چىققان قىزلارنىڭ جاۋابىنى ئاڭلاپتۇ. ھەممىسىنىڭ بەرگەن جاۋابى ياقماي ئۇنىسىز كېتىپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار ماڭا - ماڭا بارمىغان مەھەللىسى، ئارىلىمىغان ئۆيى قالماپتۇ. ئەمما ھەممىسىنىڭ بەرگەن جاۋابى بىر خىل بولغاچقا، ھېچقاي-سىسى يارىماپتۇ. ئۇلارنىڭ ئۆز كۆڭلىگە ياققۇدەك قىز تېپىشتىن ئۈمىدى ئۈزۈلۈپتۇ، ئارزۇيىغا يېتەلمىگەنلىكتىن كۆڭلى بۇزۇ-لۇپتۇ. ئەمدى قانداق قىلىش ھەققىدە تولا ئويلاپ بېشى قېتىپتۇ. شۇ خىياللار بىلەن نۇرغۇن يەرلەردىن ئۆتۈپتۇ. مەھەللىدىن خېلى يىراق جايلارغىمۇ كېتىپتۇ.

ئۇلار شۇ مېڭىش بىلەن كېتىپ بېرىپ ئالدىغا شۇنداق بىر قارىسا، ئېتىز بېشىدا يالغۇز بىر ئۆي كۆرۈنۈپتۇ. ئۇلارنىڭ ئۇ-مىد شامى ۋاللىدە يېنىپتۇ. قانداقلا بولمىسۇن شۇ ئۆيگە بېرىپ بېقىش نىيىتىگە كېلىپتۇ. ئۇلار بىردەمدە ئۇ ئۆينىڭمۇ ئالدىغا كېلىپتۇ. بۇرۇنقىدەك ئوغ-لىنىڭ ئۇستىدىن دادىسى قاتتىق كايىشقا باشلاپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئۆي-دىنمۇ بىر قىز چىقىپ:



— ئەسسالام ئاتا، ئو-

غۇللىرى نېمە گۇناھ قىلدى، نېمە ئانچە كايىيلا؟ — دەپ سوراپ-
تۇ.

ئاتىسى قىزنىڭ سالمىغا جاۋاب بېرىپ:

— قارىماسىز قىزىم، بۇ بالا مەن نېمە دېسەم شۇنى قىلى-
دۇ، — دەپ دادلاپتۇ.

قىز بۇ گەپنى ئاڭلاپ بىردەم ئويلىنىپ تۇرغاندىن كېيىن:

— توغرا، ئوغۇللىرى ئەيىبلىك ئىكەن، ئەلۋەتتە كايىشقا
تېگىشلىك ئىكەن. شۇنداق بولسىمۇ ئۆيگە بېرىپ نەسىھەت قىل-
سىلا بولاتتىغۇ، كوچىدا بۇنداق قىلىش سەت ئەمەسمۇ. — دەپتۇ
قىز، — ئىش دېگەننى ھەممىشەم سىلى دېگەندەك قىلماي ئەلۋەت-
تە... قىلىشى كېرەك. شۇنداق ئەمەسمۇ ئاتا ۋە بالا!

— رەھمەت قىزىم، يارايسىز، — دەپتۇ ھېلىقى كىشى.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ قىز ھېلىقى كىشىنىڭ سىنىقىدىن ئۆتۈپ
كېلىنلىككە ياراپتۇ.

قېنى ئېيتقىنچۇ، بۇ قىز قايسى سۆزى بىلەن ئاتا - بالىغا
ياردى؟



مۆھتەرەم بوۋاي چۆ-
چەك ئاخىرلىششى بىلەنلا
بىلقۇتجاننىڭ چىرايىغا سو-
ئال نەزىرىدە تىكىلدى، ئەم-
ما ئۇنىڭ كۆزلىرى غەلىتە
پارقىراپ كەتتى ۋە بوۋىسى-

دىن كۆزىنى ئېلىپ قېچىشقا باشلىدى.

— بۇ بەك سىرلىق چۆچەك ئىكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇرۇنقى زاماندىكى يېزىلاردا بولىدىغان توي - تۆكۈنگە ئائىت ئىكەن، مەن تېخى كىچىك، ئۇنداق چوڭلارنىڭ ئىشىنى بىلمەيدىغان تۇرسام، قانداقمۇ توغرا جاۋابىنى تېپىپ چىقالايمەن؟ — بىلقۇتجان شۇنداق دەپ توقۇمىنى قورساققا ئالدى.

— بوپتۇ، بايا دېگەنلىرىڭنىڭ ئاساسى بار ئىكەن، — دېدى بوۋىسى سەل يۇمشاپ، — بۇنىڭ جاۋابىنى مەن ساڭا دەپ بېرەي: ئۇ قىز «ئەلۋەتتە، ھەر ئىشنى ئۆزى بىلىپ قىلىشى كېرەك» دې-گەن سۆزى بىلەن ئاتا - بالىغا ياراپتۇ.

— دېمىدىممۇ، بۇ مەن بىلمەيدىغان ئىشلار ئىكەن ئەمەسمۇ، شۇڭا تاپالمىغان گەپ، — دېدى بىلقۇتجان ئاتتىن چۈشسىمۇ ئۈ-زەڭگىدىن چۈشمەي، — ئەگەر ماڭا تونۇشلۇق تۇرمۇشتىن ئې-لىنغان چۆچەك بولسىدى، جاۋابىنى چوقۇم تاپالىغان بولاتتىم.

— گېپىڭ گەپ - ھە؟

— گېپىم گەپ.

— ئۇنداق بولسا، ئەمدىكى چۆچەكلىك تېپىشماقنىڭ جاۋا-بىنى تېپىپ



باق!

# بۇ قىز كىمگە تەئەللۇق

بار ئىكەنۇ، يوق ئىكەن، ئاچ ئىكەنۇ، توق ئىكەن، بۇرۇنقى زاماندا ياسىن ئاخۇن ئىسىملىك بىر دېھقان ئۆتكەنىكەن. بۇ دېھ-قاننىڭ ئۈچ ئوغلى بولۇپ، چوڭ ئوغلىنىڭ ئىسمى ئاۋۇت، ئوت-تۇرانچى ئوغلىنىڭ ئىسمى داۋۇت، كەنجى ئوغلىنىڭ ئىسمى سا-ۋۇت ئىكەن. ئايلار ئۆتۈپتۇ، يىللار ئۆتۈپتۇ. بۇ ئوغۇللارنىڭ بۇ-رۇتلىرى خەت تارتىپ ئۆيلەيدىغان ۋاقىت بولۇپ قاپتۇ. بىر كۈنى ياسىن ئاخۇن قوشنىسى سادىر ئاخۇننى چاقىرىپ:

— مەن ئوغۇللىرىم بىلەن توي توغرۇلۇق يۈز تۇرا سۆزلە-شىشنى ئەپسىز كۆردۈم. شۇڭا ئۆزلىرى ئوغۇللىرىم بىلەن ئاي-رىم - ئايرىم پاراڭلىشىپ، كىمنىڭ كىمگە كۆڭلى بارلىقىنى ئۇقۇپ باقسىلا، شۇنىڭغا قاراپ ئەلچى ئەۋەتسەك، — دەپتۇ. سا-دىر ئاخۇن ياسىن ئاخۇننىڭ دېگىنى بويىچە ئاۋۇت بىلەن كۆرۈ-شۈپتۇ.



— كىمنى ئالغۇڭىز بار؟ — دەپ سوراپتۇ سادىر ئاخۇن ئاۋۇتتىن.

— مېنىڭ ئۈستەڭنىڭ ئۇ قېتىدىكى نىزامىدىن ئا-

خۇنىنىڭ قىزى پاتەمخاننى ئالغۇم بار، مېنى شۇنىڭ بىلەن بىر ئۆيدە قىلىپ قويسا، دادامدىن مىڭ مەرتىۋە خۇش بولاتتىم، — دەپتۇ ئاۋۇت.

سادىر ئاخۇن ئاۋۇت بىلەن كۆرۈشۈپ بولغاندىن كېيىن داۋۇت بىلەن كۆرۈشۈپتۇ.

— داۋۇت بالام، سىز كىم بىلەن توي قىلىشنى خالايسىز؟ — دەپ سوراپتۇ سادىر ئاخۇن.

— دادام مېنى مۇرادىغا يەتسۇن دېسە، — دەپتۇ داۋۇت، — نىزامىدىن ئاخۇنىنىڭ قىزى پاتەمخاننى ماڭا ئېلىپ بەرسەن ئە-كەن، — دەپتۇ. سادىر ئاخۇن ئۇ يەردىن چىقىپ ساۋۇتنى ئىزدەپ تېپىپ:

— سىز ئۆيلەنگۈدەك بولۇپ قالدىڭىز، كۆڭلىڭىز كىمنى خالايدۇ؟ — دەپ سورىغانىكەن، ئۇ:

— ئالسام، نىزامىدىن ئاخۇنىنىڭ قىزى پاتەمخاننى ئالىمەن، بولمىسا ئۆمۈربويى خوتۇن ئالمايمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

سادىر ئاخۇن بۇ ئۈچ ئوغۇلنىڭ ئەھۋالىنى ياسىن ئاخۇنغا مەلۇم قىپتۇ. ياسىن ئاخۇن بۇ ئىشتىن ھەيران بولۇپ، بېشىنىڭ ئىچىمۇ، تېشىمۇ قېتىپتۇ. ئۇنداق ئويلاپ، بۇنداق ئويلاپ ئوغۇللىرىنىڭ بىرىنى بول-سىمۇ مۇرادىغا يەتكۈزەي دې-گەن قارارغا كېلىپ، نىسا-خان دېگەن قوشنىسىنى پا-



تەمخاننىڭ يېنىغا ئەۋەتىپتۇ. پاتەمخان مەقسەتنى چۈشەنگەندىن كېيىن:

— ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ كارامەتلىرىنى كۆرسەتسۇن. مەن شۇنىڭغا قاراپ بىرىنى تاللايمەن، — دەپتۇ.

نىساخان پاتەمخاننىڭ گېپىنى ئىقتىماي - تېمىتماي ياسىن ئاخۇنغا ۋە ئۈچ ئوغلىغا يەتكۈزۈپتۇ. ئۈچ ئوغۇل مەسلىھەتلىشىپ قايسىمىز كارامەتلىك بولساق، پاتەمخان شۇنىڭغا نېسىپ بولسۇن دەپ پۈتۈشۈپتۇ.

ئۈچ ئوغۇل ئۆزلىرىنى سىناش ئۈچۈن سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ. ئۇلار مېڭىپ - مېڭىپ قىرىق كۈندىن كېيىن بىر كاتتا شەھەرگە بېرىپ قاپتۇ. ئۇلار قىرىق قېچىرغا يۈكلەپ كەلگەن مەشۈت يىپلىرىنى ۋە قېچىرلىرىنى سېتىپ پۇلىنى تەڭ بۆلۈشۈپتۇ. ئۈچ ئايدىن كېيىن ئۈچرىشىدىغان سارايىنى مۇقىملىۋېلىپ، ھەربىرى ئۆزى خالىغان كوچىغا كىرىپ كېتىپتۇ.

بىز ئەمدى گەپنى ئاۋۇتتىن باشلايلى.

ئاۋۇت مېڭىپ - مېڭىپ چوڭ، ئاۋات بىر بازارغا چىقىپ قاپتۇ. ھەر خىل تاۋار - دۇردۇن، گەزمال، خام، چەكمەنلەرنىڭ نەرخىنى سورۇشتۇرگەندىن كېيىن، ئالدى - ساتتى بىلەن شۇغۇللىنىپتۇ. ئىككى ئاي ئىچىدە پۇلى نەچچە ئون ھەسسە كۆپىيىپتۇ. ئۇ خۇشال بولۇپ، پاتەمخاننىڭ كۆڭلىگە ياققۇدەك بىر نەرسە تېپىش ئۈچۈن دۇكان - يايمىلارنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، بىر دوقمۇشقا كېلىپ قارىسا، بىر ئاقساقال بوۋاي ئۆردەك - غازلار ئۈزۈپ يۈرگەن كۆلنىڭ نۇسخىسى چۈشۈرۈلگەن چىرايلىق بىر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



گىلەمنى يېيىپ ئولتۇرغۇدەك. ئاۋۇت بۇ گىلەمگە قىزىقىپ:

— نەچچە پۇلغا ساتىدىلا؟ — دەپ سوراپتۇ. بوۋاي:

— ئون مىڭ تىللاغا ساتىمەن، — دەپتۇ. ئاۋۇت:

— نېمانچە قىممەت؟ ئون مىڭ تىللا دېگەنگە مىڭ پارچە گىلەم كېلىدۇ، — دەپتۇ. بوۋاي:

— بۇ ئادەتتىكى گىلەم ئەمەس، ئۇچار گىلەم، ئاڭلىغانمۇسىز؟ — دەپ سوراپتۇ. ئاۋۇت:

— ئاڭلىغان، ئەمما كۆرمىگەن، — دەپتۇ. بوۋاي ئاۋۇتنى گىلەمگە ئولتۇرغۇزۇپ:

— ئۇچ گىلىمىم! — دېگەنىكەن، گىلەم ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ ئۇچۇشقا باشلاپتۇ.

بوۋاينىڭ ئېيتىشىچە، بۇ گىلەمدە ئولتۇرۇپ بىر يىللىق يىراقتىكى جايغا بىردەمدىلا بارغىلى بولىدىكەن. ئاۋۇتنىڭ تەلىپى بىلەن بوۋاي گىلەمنى يەرگە چۈشۈرۈپتۇ. ئاۋۇت بۇ گىلەمنى ئون مىڭ تىللاغا سېتىۋاپتۇ.

بىز ئەمدى گەپنى داۋۇتتىن ئاڭلايلى:

داۋۇت كىرگەن كوچا يىمەك - ئىچمەك بازىرى ئىكەن. ئۇ كوچىنىڭ ئايىغىدىن بىر دۇكانلىق يەر سېتىۋېلىپ، ئىنتايىن چوڭ بىر دۇكان ئېچىپ، كەچ يېتىپ سەھەر تۇرۇپ، ھەر كۈنى نەچچە مىڭ خېرىدارنى ئۇزىتىپتۇ. ئىككى ئايدىن كېيىن پۇلنىڭ ھېسابىنى ئالالمىغۇدەك باي بولۇپ كېتىپتۇ. داۋۇت ئەمدى پايتەختنىڭ كۆڭلىگە يارىغۇدەك بىر نەرسە تاپاي دەپ بازارنى ئايلىنىشقا باشلاپتۇ. بىر يەرگە بارسا، بىر موماينىڭ بىر تال ئالما-

نى كىشىلەرگە كۆرسىتىپ:

— بۇ ئالمىنى ھەرقانداق كېسەل كىشى يېسە دەرھال ساقىيىدۇ، — دەۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپتۇ ۋە ئالمىنىڭ باھاسىنى سوراپتۇ.

— ئون مىڭ تىللادىن بىر پۇل كەم بولسا ساتمايمەن، — دەپتۇ.

موماي ئالمىنى داۋۇتقا بىر پۇرتىپ قويغانىكەن، داۋۇت شۇ ھامان تاغنى بىر بارمىقى بىلەن كۆتۈرگۈدەك كۈچ - قۇۋۋەتكە تولۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن داۋۇت ئون مىڭ تىللا بېرىپ ئالمىنى ئاپتۇ.

ئەمدى بىز گەپنى ساۋۇتتىن ئاڭلايلى:

ساۋۇت كىرگەن كوچا زىننەت بۇيۇملىرى بازىرى ئىكەن. ئۇ ھەرخىل زىبۇ - زىننەت بۇيۇملىرى ئېلىپ - سېتىپ شۇ شەھەردىكى ئەڭ كاتتا بايلارنىڭ بىرى بولۇپ قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ساۋۇت پاتەمخاننى ھەيران قالدۇرغۇدەك بىر نەرسە ئېلىش ئۈچۈن بازارنى ھەر كۈنى ئايلىنىشقا باشلاپتۇ. بىر كۈنى بىر جۇۋان ساۋۇتنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— غوجام، بۇ ئەينەكنى ئېلىۋېلىڭ، — دەپ ئۆزىنىڭ كۆزىدىن چوغىراق بىر ئەينەكنى كۆرسىتىپتۇ. ساۋۇت باھاسىنى سوراپتۇ. جۇۋان:

— ئون مىڭ تىللاغا ساتىمەن، — دەپتۇ. ساۋۇت ھەيرانلىقتىن پېشانىسىگە بىرنى ئۇرۇپ:

— يائاللا، نېمانچە قىممەت؟ — دەپ سوراپتۇ. جۇۋان ئەي-

نەكىنىڭ خاسىيىتىنى سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن:

— ئىشەنمىسىڭىز ئۆزىڭىز كۆرۈپ بېقىڭ، — دەپتۇ. ساۋۇت ئەينەككە شۇنداق قارىغانىكەن، قەلەم قاشلىق، سۇمبۇل چاچلىق، ئاي دېسە ئاغزى بار، كۈن دېسە كۆزى بار، گۈزەللىكتە تەڭدىشى يوق پاتەمخاننى كۆرۈپ هوشىدىن كەتكىلى تاس قاپتۇ. مىڭ تەس-لىكتە ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، ئەينەكنى سېتىۋاپتۇ، ئىككى ئاكىسى بىلەن ئۇچرىشىدىغان سارايغا كېلىپ ئۇلار بىلەن ئۇچرىشىپتۇ. ئاۋۇت بىلەن داۋۇت گىلەم بىلەن ئالمىنىڭ خاسىيىتىنى سۆزلە-گەندىن كېيىن ساۋۇت:

— ماۋۇ ئەينەككە قاراپ بېقىڭلار، — دەپتۇ. ئۇچ ئوغۇل ئەينەككە بىللە قارىغانىكەن، پاتەمخاننىڭ جان تالىشىپ سەكراتتا ياتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. بۇنى كۆرگەن ئاۋۇت:

— ئۇچار گىلەمگە ئولتۇرۇپ ئۇنىڭ يېنىغا دەرھال بارايلى! — دەپتۇ. ئۇچ ئوغۇل گىلەمگە ئولتۇرۇپتۇ. ئاۋۇت:

— ئۇچ گىلىمىم! — دەپتۇ. ئۇچار گىلەم ئاسمانغا كۆتۈرۈ-لۈپ ئۇچۇپ، بىردەمدىلا پاتەمخاننىڭ هويلىسىغا چۈشۈپتۇ. ئو-غۇللار يۈگۈرگىنىچە پاتەمخاننىڭ يېنىغا كىرىپتۇ. ساۋۇت يانچۇ-قىدىن ئالمىنى ئېلىپ پۇراتقانىكەن، پاتەمخان شۇ هامان كېسەل-دىن ساقىيىپ ئورنىدىن قوپۇپتۇ. پاتەمخان ئۆزىنىڭ ساقىيىپ كېتىشىگە ئۇچ ئوغۇلنىڭ ئوخشاش تۆهپىسى بارلىقىنى ئۇققان-دىن كېيىن، تەڭلىكتە قېلىپ:

— مېنىڭ كىمگە تېگىشىمنى ئۆزۈڭلار بەلگىلەڭلار، — دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاكا - ئۇكىلار ئوتتۇرىسىدا جېدەل باشلى-

نىپتۇ. ئاۋۇت:

— گىلەمدە ئولتۇرغۇزۇپ دەل ۋاقتىدا ئەكەلمىگەن بولسام، ئالمىنى پۇراتقىلى بولامتى؟ — دەپتۇ. داۋۇت:

— ئالمىنى پۇراتمىغان بولسام پاتەمخان كېسەلدىن ساقىيالمايتتى، — دەپ تۇرۇۋاپتۇ. ساۋۇت:

— مېنىڭ ئەينىكىمدە پاتەمخانىنىڭ كېسەل ئىكەنلىكى كۆرۈنمىگەن بولسا، گىلەم بىلەن ئالمىنىڭ خاسىيىتى جارى بولمايتتى. شۇڭا پاتەمخانىنى مەن ئېلىشىم كېرەك! — دەپ تۇرۇۋاپتۇ.

ھەي جېنىم بالام! ئويلاپ باق، پاتەمخانىنى كىم ئۆز ئەمرىگە ئېلىشى كېرەك؟

مۆھتەرەم بوۋاي چۆچەكنى ئېيتىپ بولۇپ، سىناش نەزىرىدە بىلقۇتجانغا قارىدى. ئۇ بۇ قېتىم ھېچقانچە تەمتىرىمەي، كۆزىنى يىراقلارغا تىكىپ پىكىر يۈرگۈزۈۋاتاتتى. بىر ھازادىن كېيىن بىلقۇتجان:

— بوۋا، بۇ تېپىشماقلىق چۆچەكمۇ بەك مۇرەككەپ ئىكەن، ئەمما مەن ئۇنىڭ جاۋابىنى چوقۇم تاپالايمەن، سىز بىر دەم تەخىر قىلىپ تۇرۇڭ. مەن بىردەم ئويلىنىۋالاي، بولامدۇ؟

بىلقۇتجان بىردەم ئويلىنىپ تۇرغاندىن كېيىن، بوۋىسىغا لاپپىدە قاراپ:

— مەن دەپ باقاي، — دېدى چوڭقۇر ئويلىنىپ، — پاتەمخان خاسىيەتلىك ئالما سېتىۋالغان ئوتتۇرانچى ئوغۇل داۋۇتقا تەئەللۇق بولۇشى كېرەك. چۈنكى، ئۇنىڭ خاسىيەتلىك ئالمىسىنى پۇ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



رىغان كىشى ئېغىر كېسەلدىن ساقىيىپ قايتا ھاياتلىققا ئېرىشىدۇ. ئەگەر ئۇ پاتەمخاننىڭ كېسەل بولۇپ قالغانلىقىنى جاھاننەما ئەينەكتە كۆرمەي، ئۇچار گىلەمدە ئولتۇرۇپ ۋاقتىدا كەلمىگەن تەقدىردىمۇ، بەرىبىر قايتىپ كەلگەن، خاسىيەتلىك ئالمىسىنى يۇرتىپ پاتەمخاننى تىرىلدۈرۈۋالغان بولاتتى. شۇڭا، پاتەمخان ئۆزىگە جان ئاتا قىلغۇچى داۋۇتقا تەئەللۇق بولۇشى كېرەك.

— بالام، يەنىمۇ ياخشىراق ئويلاپ باق، — دېدى بوۋاي ئۇنى توغرا تەرەپكە يېتەكلەپ، — داۋۇت سېتىۋالغان خاسىيەتلىك ئالما پەقەت كېسەلنىلا ساقايتالايدۇ، ئەمما ئۆلۈكنى تىرىلدۈرەلمەيدۇ. سەن ئېيتقاندەك بولغاندا، داۋۇت ئەگەر پاتەمخاننى جاھاننەمىدا كۆرمەي، ئۇچار گىلەمگىمۇ ئولتۇرماي، ئۆزى بىلگەنچە يول مېڭىپ نەچچە ئايدا كەلسە، پاتەمخان بۇ دۇنيادىن ئاللىقاچان خوشلىشىپ، قەبرىستانلىققا دەپنە قىلىنىپ بولغان بولىدۇ. ئۇ چاغدا ئۇنىڭ خاسىيەتلىك ئالمىسى ھېچنېمىگە ئەسقاتمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن سەن بۇ پىكرىڭدىن ئەڭ ياخشىسى ۋاز كەچسەڭ بولارمىكىن.

بىلقۇتجان بىردەم ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن:

— ئۇنداق بولسا، قىز ئۇچار گىلەم سېتىۋالغان ئاۋۇتقا تەئەللۇق بولسا توغرىدەك قىلىدۇ، چۈنكى، ئۇنىڭ ئۇچار گىلىمى بولغاچقىلا، ئۇلار دەل ۋاقتىدا كېلىپ پاتەمخاننى قۇتقۇزۇۋالالىدى ئەمەسمۇ؟ — دېدى.

— ئەگەر جاھاننەما ئەينەكتە پاتەمخاننى كۆرمىگەن بولسا

ئۇلار يەنىلا ۋاقتىدا كېلەلمىگەن بولاتتى. چۈنكى، ساۋۇت خاسى-
يەتلىك ئەينەكتىن پاتەمخاننىڭ سەكراتقا چۈشۈپ قالغانلىقىنى
بىلىپ ئىككى ئاكىسىنى ئىزدەپ باردى، ئاندىن ئۇچار گىلەمگە
ئولتۇرۇپ ۋاقتىدا باردى، ئاندىن خاسىيەتلىك ئالمىنى پۇرىتىپ
قىزنى قۇتقۇزۇۋالدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئويدانراق ئويلانغىن بالام،
قىز زادى كىمگە تەئەللۇق بولۇشى كېرەككەن؟ — دېدى بوۋاي.

— ھە، ئەمدى تاپتىم! — دېدى بىلقۇتجان گۆھەر تېپىۋال-
غاندەك خۇش بولۇپ، — قىز جاھاننەما سېتىۋالغان كەنجى ئوغۇل
ساۋۇتقا تەئەللۇق بولۇشى كېرەك ئىكەن. قىزنىڭ قۇتقۇزۇلۇپ قې-
لىنىشىدا ئۇ باش سەۋەبچى بولدى، ئاندىن ئۇلار ئۇچار گىلەمگە
ئولتۇرۇپ بېرىپ، خاسىيەتلىك ئالمىنى پۇرىتىپ قىزنى قۇتقۇ-
زۇپ قالدى...

— ئەمدى توغرا جاۋابىنى تاپتىڭ! — دېدى بوۋاي ئۇنى قۇت-
لۇقلاپ، — مانا، كاللا ئىشلەتسەڭلا تاپالايسەن ئەمەسمۇ؟!

— لېكىن، خاسىيەتلىك ئالما بولمىسا، قىز يەنىلا كېسەل-
دىن ساقىيالمايتتى... — دېدى بىلقۇتجان بوۋىسىنىڭ چىرايىغا
سىناش نەزىرى بىلەن قاراپ.



— ئاڭلا بالام، — دېدى
مۆھتەرەم بوۋاي ئۇنىڭغا،
— بۇ تېپىشماقنىڭ جاۋابى
شۇكى، پاتەمخان كەنجى ئو-
غۇل ساۋۇتقا تەئەللۇق بو-
لۇشى كېرەك. چۈنكى ساۋۇت

جاھاننامە ئەينىكىدە پاتەمخاننىڭ سەكراتقا چۈشۈپ قالغىنىنى كۆرمىگەن بولسا ئاۋۋەت بىلەن داۋۇت خەۋەرسىز قالاتتى ـ دە، پاتەمخاننىڭ قېشىغا بارمايتتى. شۇنىڭ بىلەن پاتەمخان جان تەسلىم قىلاتتى. بالام، بارا ـ بارا زېھنىڭ ئېچىلىۋاتىدۇ، ئەمدى ئېيتىپ بېرىدىغان چۆچەكلىك تېپىشماقلارنىڭ جاۋابىنى دەرھال تېپىۋالامسەن نېمە؟

ــ تاپالىشىم مۇمكىن، ــ دېدى ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ.

ــ ئۇنداق بولسا ئاڭلا، چوقۇم جاۋابىنى مۇستەقىل تاپىسەن جۇمۇ!

ــ ماقۇل بوۋا!



# شۇنداقمۇ جاۋاب بولامدۇ

بۇرۇنىنىڭ بۇرۇنىسىدا، يەتتە تاغنىڭ نېرىسىدا، شۇنداق يۇرتلارنىڭ بىرىدە كىچىكمۇ ئەمەس، چوڭمۇ ئەمەس، ئەمما نامى شۇ يۇرتقا پۇر كەتكەن بىر توي بولغانمىش. توي ئۆزىنىڭ نازۇ نېمەتلىرىنىڭ ھەشەمەتلىكلىكى بىلەن ھەم ئەتىگەندىن تاكى كەچكىچە توختىماي چېلىنغان داقا - دۇمباقلىرىنىڭ ھەيۋىتى بىلەن يۇرتقا پۇر كەتمەستىن، بەلكى تويدىكى بارلىق قىز - يىگىتلەرنىڭ ئەقلىنى لال قىلغان ئاجايىپ بىر ئىش بىلەن بۇ تويىنىڭ نامى پۇر كەتكەنمىش.

توي راسا قىزىۋاتقان چاغدا تويغا كەلگەن يىگىتلەردىن بىرى بىردەم ئۇياققا، بىردەم بۇياققا، بىردەم ئىشىككە قاراپ تىت - تىت بولۇپ ئولتۇرغانمىش. ئەسلىدە بۇ تويغا يىگىتنىڭ جاندىن ئەزىز مەشۇقى كەلمەكچىمىش، بىراق يىگىت قىزنى شۇنچە كۈتسىمۇ قىز كېلەلمەپتۇ. ئاخىر يىگىتنىڭ سەۋر قاچىسى چېقىلىپ، تولا تەلمۈرۈپ كۆزلىرى ئېچىشىپ، ئاچچىقىدا ئەقلى كېسىلىپ زادى بولالماي قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن يىگىت سىڭلىسىنى چاقىرتىپتۇ ۋە كىشىلەردىن يوشۇرۇن ھالدا:

— ئۇكام، ئالدىنقى كۈنى ساڭا مېغىز بەرگەن كىشىنى چاقىرىپ كەلگىن، تېزرەك كەلسۇن، — دەپ ئەۋەتىپتۇ. قىزچاق

خېلىدىن كېيىن يالغۇز قايتىپ كېلىپتۇ. يىگىت سىڭلىسىنى يالغۇز كۆرۈپ، ئۆزىنى باسالمىغان ھالدا باشقىلارنىڭ يېنىدىلا:

— ئۇكام، سەن چاقىرىپ كەلمەكچى بولغان ئادەم قېنى، نېمىشقا كەلمىدى؟ — دەپ سوراپتۇ.

قىزچاق ئاكىسىنىڭ سورىغان سوئالىغا دەرھاللا مۇنداق جاۋاب بېرىپتۇ:

بېرىۋىدىم قىچقارغىلى،
يوق ئىكەن، كېلەي دېدى.
كەلسىمۇ كېلەر ئىدى،
كېلىپ قېلىپ، كېلەلمىدى.

يىگىت قىزنىڭ جاۋابىنى دەرھال چۈشىنىۋاپتۇ. بىراق بۇ جاۋابنىڭ مەنىسىنى ئەتراپتا تۇرغانلارنىڭ ھېچقايسىسى چۈشىنەلمەپتۇ، ئۆزئارا بەس - مۇنازىرە قىلىشىپتۇ، يىگىتتىن سورىشىپتۇ. يىگىت ئۇلارغا زادى ئېيتالماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن توي بارا - بارا بەس - مۇنازىرىگە ئايلىنىپ كېتىپتۇ. بۇ ئىش شۇ ھامان مەھەللىگە تارقىلىپتۇ، ئۇ گەپلەر شۇ قىزنىڭ قۇلىقىغىمۇ يېتىپتۇ. بۇ ئىش قىزنىڭ كۆلكىسىنى قىستاپتۇ. بىراق قىزمۇ ھېچكىمگە تىنماپتۇ. شۇنداق قىلىپ، بۇ قوشاقنىڭ جاۋابى كىشىلەرگە بىر سىر بولۇپ قاپتۇ. بۇ ئىش بىلەن تويىنىڭ نامىمۇ پۇر كېتىپتۇ، تاكى ھازىرغىچە



كىشىلەر بۇ ئىشنى سۆزلىشىدىكەن. ئەمما قىزنىڭ جاۋابىنى ھېچكىم چۈشىنەلمەپتۇ. قېنى جېنىم بالام، سەن بۇ جاۋابنىڭ مەنىسىنى ئېيتىپ بېرەلەمسەن؟

بىلقۇتجان لاپ ئۇرۇپ قويغىنىغا پۇشايمان قىلدىمۇ ـ قانداق، بوۋىسىدىن يەنە كۆزىنى قاچۇرۇشقا باشلىدى.

— بالام، ساڭا نېمە بولدى، — دېدى بوۋاي، — ھەر قېتىم چۆچەكنى باشلاشتىن ئىلگىرى مەيدەڭگە مۇشتلايسەنۇ، چۆچەك تۈگىشى ھامانلا يىلىڭ چىقىپ كېتىدۇ. بۇ قانداق بولغىنى؟

— مەن يەنىلا ھېچنېمىنى ئاڭقىرالمىدىم، — دېدى ئۇ بىر ـ ئاز خىجىل بولۇپ، — بۇ بىر سۆز ئويۇنى ئىكەن، شۇڭا، توغرا جاۋابىنى تازا تاپالمايۋاتىمەن.

— شۇنداقتىمۇ قانداق جاۋاب ئويلىغان بولساڭ، بىر دەپ باقمامسەن، خاتا بولۇپ قالسا بىرلىكتە تۈزىتىمىز، خىجىل بو ـ لۇشۇڭنىڭ ھېچقانداق ھاجىتى يوق، — دېدى بوۋاي.

— مېنىڭچە، سىڭلىسى ئۇ قىزنى چاقىرغىلى بارغاندا، قىز ـ نىڭ ئاتا ـ ئانىسى يوق بولسا كېرەك، شۇنىڭ بىلەن كېلەي دەپ ـ تۇ، ماڭاي دېگەندە ئۇلار كېلىپ قالغاندەك قىلىدۇ.



— يېقىنلاشتىڭ، ھە ياق، توغرا تاپتىڭ! — دېدى بوۋاي ھاياجانلىنىپ، — توي ئەھلى ئۇ قىزنىڭ ئۆي

www.uyghurkitap.com



ئەھۋالىنى تازا چۈشەنمەيدۇ، شۇڭا بۇ قوشاقنىڭ جاۋابىنى ئاڭ- قىرالمىغان گەپ. يىگىتنىڭ بۇ قوشاقنى دەرھال چۈشىنىۋېلىشى، ئۇ يىگىت سۆيگىنىنىڭ ئائىلە ئەھۋالىنى پىششىق بىلىدۇ، شۇڭا شۇ ھامان چۈشىنىۋالغان. قىزمۇ كىشىلەردىن بۇ قوشاقنى ئاڭلاپ ئىچىدە كۈلگەن، ئەمما ھېچكىمگە تىنمىغان، شۇڭا كىشىلەر بىلمەي يۈرۈشكەن، شۇنداقتىمۇ بۇ توغرىسىدىكى دەتالاش تۈگىمىگەن. بۇ تېپىشماقلىق چۆچەكنىڭ خاسىيىتى مانا مۇشۇ يەردە. توغرا جاۋابى شۇكى: قىزچاق يىگىتنىڭ سۆيگىنىنى چاقىرغىلى بارغاندا، ئۆيدە قىزنىڭ ئۆگەي ئانىسى يوق ئىكەن، شۇنىڭ ئۈچۈن «يوق ئىكەن، كېلەي دېدى» دېگەن. ماڭاي دەپ تۇرغاندا ئۆگەي ئانىسى كېلىپ قېلىپ، يىگىتنىڭ قېشىغا بېرىشقا ئامال قىلالمىغان، بۇ ئەھۋالنى «كېلىپ قېلىپ، كېلەلمىدى» دەپ ئۇقتۇرغان. مانا بۇ جاۋاب بىلەن سەن تاپقان جاۋابنىڭ قانچىلىك پەرقى بار؟ مەزمۇن جەھەتتىن ئالغاندا ھېچقانچە پەرقى يوق. سەن بىرلا ئەقىل ئىشلىتىۋىدىڭ، مانا تېپىۋالدىڭ، بەك ئەقىللىق بالا جۇمۇ سەن!

بىلقۇتجان بۇ ماختاشلاردىن قاتتىق ھاياجانلىنىپ كەتتى.



مۆھتەرەم بوۋاي ئۇنىڭ مۇشۇ قىزغىن ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ:

— بالام، ھازىر ئۇخلايدىغان ۋاقتىڭغىمۇ خېلى بار ئىكەن، شۇڭا، ۋاقتنى چىڭ

تۇتۇپ يەنە بىرنى ئېيتىۋېتەيمۇ؟ — دېدى.

— ماقۇل، — دېدى ئۇ قىزغىنلىق بىلەن، — بۇ قېتىم ئېيتىدىغىنىڭىز تېخىمۇ قىزىقارلىقتۇ ھەقاچان.

— قىزىقلىقىغۇ قىزىق، يەنە بىر قىزنىڭ كىمگە تەئەللۇق بولۇشى توغرىسىدىكى چۆچەك، — دېدى بوۋاي.

— ۋاي - ۋۇي...! — دېدى ئۇ چۇرۇقلاپ، — قىزلارنىڭ كىمگە تەئەللۇق بولۇشى توغرىسىدا نېمانداق كۆپ چۆچەك بۇ؟ ئاۋۇۋالقىسىغا مەزمۇنى ئوخشاپ قالامدۇ تېخى.

— مەزمۇنى ھەرگىز ئوخشىمايدۇ، ئاڭلاپ بولغاندا بىلىسەن.

— ئۇنداق بولسا جان قۇلىقىم بىلەن ئاڭلايمەن!



# قىزنى كىمگە بەرسە مۇۋاپىق

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا، قوم چىچەكلىگەندە، تۆگىنىڭ قۇي-
رۇقى يەرگە تەگكەندە، پاقا بالداقتا سەكرىگەندە، تۈلكە باي قاپقاز-
غا دەسسىگەندە، كۆرۈنگەن تاغنىڭ نېرىقى تەرىپىدىكى يۇرتنىڭ
ئاۋات شەھىرىدە ئابلاباي ئىسىملىك بىر كىشى ئۆتكەنىكەن. ئۇ
كىشى ئۈچ يۈز ئاتمىش كۈننى ئالا قويىماي سودا - سېتىق بىلەن
ئۆتكۈزىدىكەن. ئابلا باينىڭ دۇنيالىقتا بىر تاللا قىزى بولۇپ، ئا-
يالى قىزى تۇغۇلۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلغانىكەن.
ئابلاباي قىزىنى خۇددى كەپتەر باچكىسىنى ئاسرىغاندەك ئاسراي-
دىكەن. قىز نېمە دېسە دادىسى شۇنى بەجا كەلتۈرۈپ بېرىدىكەن.
ئايلار ئۆتۈپ، يىللار ئۆتۈپ قىز سەككىز ياشقا كىرىپتۇ.
ئابلا باي قىزىنىڭ ئەقىل - پاراسەت، ئەدەپ - ئەخلاق جەھەتتە
ياخشى ئۆسۈپ يېتىلىشىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۇنى يېقىن ئەتراپتى-



كى مەدرىسەگە ئوقۇشقا بې-
رىپتۇ. مەدرىسەنىڭ مۇدەر-
رىسى ئابلابايىنىڭ يېقىنلى-
رىدىن ئىكەن. مۇدەررىس
ئابلابايغا بالىنى ئىنتايىن
ياخشى تەربىيەلەيدىغانلىقى

تۇغرىسىدا ۋەدە بېرىپ يولغا ساپتۇ.

ئابلاباي بولسا سودا ـ سېتىق بىلەن كۈننى ئۆتكۈزۈپتۇ. قىز ئەتىگەن تۇرۇپ مەدرىسەگە بېرىپ كەچتە قايتىپ كەپتۇ. ئاتا ـ بالىنىڭ تۇرمۇشى شۇ يوسۇندا داۋاملىشىپتۇ. ھەش ـ پەش دېگۈچە ئارىدىن ئۈچ يىل ئۆتۈپ كېتىپتۇ. ئابلابايىنىڭ سودىسى ئېقىپ شەھەردە بارماقتا سانىغۇدەك بايلاردىن بولۇپ قاپتۇ. قىزنىڭ بوي ـ تۇرقى ئۆسۈپ ھۆسنىگە تولۇپتۇ، ئىلىم ـ ھېكمەتتە زورىيىپتۇ. ئابلابايىنىڭ ھەرەمگە بېرىپ ھاجى بولۇپ كېلىش ئارزۇسى تۇغۇلۇپتۇ.

بۇ ئارزۇسىنى دوست ـ بۇرادەرلىرىگە ئېيتقانىكەن، ئۇلار قوللاپ ياخشى مەسلىھەتلەرنى بېرىپتۇ. ئابلاباي سەپەر تەييارلىقىنى نەچچە ۋاقىت قىلىپ ھەممىنى تەق قىلىپ قويۇپتۇ. بىر كۈنى كەچتە قىزىنى يېنىدا ئولتۇرغۇزۇپ:

— قىزىم، سىز ئاپىڭىز رەھمەتلىكتىن كىچىك قالغانىدىڭىز، مەن سىزگە ھەم ئاتا ھەم ئانا بولۇپ ھېچكىمنىڭ قولىغا قاراتماي چوڭ قىلدىم. ئىنشائاللا، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ شۇنداق بولغۇسى. ماڭا كۈندىن ـ كۈنگە قېرىلىق يېتىپ پۇتۇمدىن ماغدۇر قېچىۋاتىدۇ. تىرىكلىكىمدە ھەرەمگە بېرىپ ھەج قىلىپ كەلسەم دەيدىغان بىر ئارزۇيۇم بار ئىدى. مال ـ بىسات، بايلىقىمىز ئۆمۈرىمىزگە يېتىپ ئاشىدۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com


شۇڭا، ۋاقتىدا بېرىپ كېلىشۋالسامىكىن دەيمەن، سىزنىڭچە قانداق؟ — دەپتۇ.

قىز ئۆزىنىڭ باشقىچە ئويدا ئەمەسلىكىنى، دادىسىنىڭ ساق - سالامەت قايتىپ كېلىشىنى تىلەيدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ.

— ئۇنداق بولسا، — دەپتۇ ئابلاباي، — مۇشۇ ئۆي، مال - مۈلۈكنىڭ ھەممىسى سىزگە قالدى. مەن كەلگۈچە خاتىرجەم يەپ - ئىچىپ، خەجلەپ تۇرۇڭ. سىزنى مەن ئۇستازىڭىزغا تاپشۇرىمەن. ئۇ ئىلىم - مەرىپەتلىك، قائىدە - يوسۇنلۇق مۆتىۋەر، ئۇنى مېنىڭ ئورنۇمدا كۆرەرسىز.

قىز ماقۇللۇق بىلدۈرۈپتۇ. ئەتىسى ئابلاباي قىزى بىلەن مەدرىسەگە بىللە بېرىپ، مۇدەررىسكە قىزنى تاپشۇرۇپ، ئاتا ئورنىدا مۇئامىلە قىلىشنى تاپىلاپ، نۇرغۇن سوۋغا - سالاملارنى ھەدىيە قىلىپتۇ. ئاخىرىدا ئابلاباي مۇدەررىسنى چەتكە تارتىپ تۇرۇپ:

— بۇرادىرىم، نەچچە ۋاقىتتىن بۇيان قىزىمنىڭ دىلىغا كۆپلىگەن ھېكمەتلەرنى سالدىڭلا. مەن سىلىدىن مىڭ مەرتىۋە رازى. ئەمدى مەن يىراق سەپەرگە مېڭىش ئالدىدا تۇرۇۋاتىمەن.



تەڭرى ساق - سالامەت قايتىپ كەلگىلى نېسىپ قىلار، لېكىن «جان بار يەردە قازا بار» دېگەن گەپ بار. ئەگەر مەن سالامەت قايتىپ كېلەلمەي قالسام سىلى ئور-

نۇمدا ئاتىدارچىلىق قىلىپ قويارلا، قىزىم بارغانچە چوڭ بولۇۋاتىدۇ. «قىز دېگەن ئەردە ياخشى، بولمىسا يەردە ياخشى» دەيدىغان گەپ بار. مۇبادا مەن كەلگۈچە ۋاقىت ئۆزىراپ قالسا ئۆزلىرى مۇۋاپىق دېگەن بىرىگە ياتلىق قىلىپ قويسىلا، ـــ دەپتۇ.

مۇدەررىس ئابلابايىنىڭ دېگەنلىرىنى ماقۇل كۆرۈپ، خاتىرجەم سەپەرگە مېڭىشنى ئېيتىپتۇ. ئابلاباي بولسا قۇتلۇق بىر كۈننى تاللاپ، قىزى ۋە بارلىق ئەل ـ جامائەت بىلەن خوشلىشىپ ھەرەمگە قاراپ يولغا چىقىپتۇ.

ئۇ يول يۈرۈپتۇ، يول يۈرگەندىمۇ مول يۈرۈپتۇ. تاغ ـ دەريا، دەشت ـ چۆللەرنى بېسىپ كۆزلىگەن قەرەلدە ھەرەمگە كېلىپ ھەج رەسمىيىتىنى ئۆتەپتۇ. ئابلاباي قارىسا ھەرەمدە سودا ـ سېتىق قىلىدىغان ئادەم ئىنتايىن ئاز بولۇپ، پۇلنى ئۆز يۇرتىدىكىدىن نەچچە ھەسسە ئارتۇق تاپىدىغانغا كۆزى يېتىپ، بىر مەزگىل يۇرتىغا قايتماي تىجارەت قىلىش قارارىغا كەپتۇ. شۇ يوسۇندا ئېلىپ ـ سېتىش بىلەن شۇغۇللىنىپتۇ. دېگەندەك، ئۆز يۇرتىدا نەچچە يىلدا تاپىدىغان پۇلنى نەچچە ئايغا قالماي تېپىپ بوپتۇ. كۈن ـ ئاينىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئابلابايىنىڭ ھەرەمدە تۇرغىنىغا ئۈچ يىل بولۇپتۇ. تاپقان پۇلىمۇ ھەددى ـ ھېسابسىز كۆپەيىپتۇ.



ئۇ ئەمدى قايتىش پەيتىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى پەملەپ، تاپقان مال ـ

دۇنيا، پۇللىرىنى تۆگىگە ئارتىپ ئۆز يۇرتىغا قاراپ يولغا چىقىپتۇ. بىرىشتا قانداق يول بىلەن ماڭغان بولسا، يېنىشتىمۇ شۇنداق يول بىلەن مېڭىپتۇ. سەپەر جەريانىدا نۇرغۇن جاپا ـ مۇشەققەتلەرنى تارتىپتۇ. ئۆز يۇرتىغا كېلىشكە بىر ئاي قالغاندا، ئابلاباي يول ئۈستىدىكى بىر ئۆتەڭگە چۈشۈپتۇ. ئات ـ ئۇلاغ، مال ـ سەرەمجانلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئەمدى چاي ـ پاي ئىچەي دەپ ئولتۇرسا، يېنىغا ئون يەتتە، ئون سەككىز ياشلار چامىسىدىكى بورۇتى ئەمدىلا خەت تارتقان بىر يىگىت كېلىپ ئولتۇرۇپتۇ. ئۇلار ئۆزئارا ئۇ يەر ـ بۇ يەرنىڭ گېپىنى قىلىشىپ، ئاخىرى ئۆزلىرىنىڭ بىر شەھەردىن ئىكەنلىكىنى بىلىشىپتۇ. ئابلاباي يىگىتتىن:

— نېمە سەۋەب بىلەن يۇرتتىن ئايرىلىپ بۇ يەرگە كېلىپ قالدىڭ، ئوغلۇم؟ — دەپ سوراپتۇ. يىگىت:

— مەن ئەسلىدە ئاتا ـ ئانامدىن نۇرغۇن مال ـ مۈلۈك بىلەن يالغۇز قالغاندىم. تۆت ـ بەش يىل مابەينىدە ھەۋەسنىڭ كەينىگە كىرىپ ياخشى ـ يامانني پەرق ئەتمەي، ئەسكى بالىلار بىلەن ئارىلىشىپ نۇرغۇن مال ـ دۇنيانى سورۇپ تۈگەتتىم. يېقىنلار نەسىھەت قىلدى، لېكىن قۇلىقىمغا كىرمىدى. كۈنلەر ئۆتۈپ ھالىم بارغانچە خاراblىشىپ كەتتى. ئاخىرىدا ماڭا تەئەللۇق بىر تۈگۈنچەك قالدى. ئويلاپ باقسام ئۇنى



خەجلەپ تۇگەتسەم ھەممىدىن ئايرىلغۇدەكمەن. ھوشۇمنى يىغىپ، ئۆتۈپ كەتكەن ئىشلارغا كۆپ پۇشايمان قىلدىم. تۇگۇنچەكنى يېشىپ قارىسام نەچچە تال زىخچە ئالتۇن ئىكەن. ئۇنى يۇرۇشتۇرۇپ تىجارەت قىلىپ زىياننىڭ ئورنىنى تولدۇرۇۋېلىش ئۈيىدا خەقلەردىن ئۇقۇشسام، ھەرەمدە پۇلنى جىق تاپقىلى بولىدىكەن. بىر كېچىسى ھېچكىمگە بىلىندۇرمەي ھەرەمگە قاراپ يولغا چىقتىم. بۇ ئۆتەڭگە بىر كېچە ـ كۈندۈزلۈك يول قالغاندا قاراقچىلارغا يولۇقۇپ ھەممىنى تارتقۇزۇپ قويدۇم. ئاخىرى مۇشۇ ئۆتەڭگە ئۇلىشىپ كېلىۋالدىم. ھازىر ئالدىمغا ياكى كەينىمگە مېڭىشىمنى بىلمەيۋاتىمەن، — دەپ سۆزىنى ئاخىرلاشتۇرۇپتۇ.

يىگىتنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىنى ئاڭلىغان ئابلابايىنىڭ ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىپ، ئۇنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلىپ ئېلىپ كېتىش ئارزۇسى تۇغۇلۇپتۇ:

— ئوغلۇم، سەن كۆپ رىيازەت چېكىپسەن، ھازىرچە سەن يۇرتقا قايتىپ كەتسەڭ تۈزۈك ئىكەن. ئەگەر سەن بۇ مەسلىھەتىمنى مۇۋاپىق دەپ قارىساڭ، مەن سېنى ئالغاچ كېتەي، قانداق؟ — دەپتۇ.

بۇ مەسلىھەت يىگىتكە ياغدەك يېقىپتۇ. ئابلاباي ئۇ يەردە بىر كېچە قونۇپ، ئەتىسى تاڭ سۈزۈلگەن ھامان يىگىتنى ئەگەشتۈرۈپ يولغا چىقىپتۇ. ئۇلار ئوبدان سەپەرداش بولۇپ يول يۈرۈپتۇ. يول بويى يىگىت ئابلابايىنىڭ ئىشلىرىغا شۇ دەرىجىدە ياردەملىشىپتۇكى، ئابلاباي بىر ئايلىق سەپەرنى بىر كۈندە تۈگەتكەندەك ھېس قىپتۇ ھەمدە يىگىتنى چىن قەلبىدىن ياخشى كۆرۈپ قاپتۇ.

uyghurkitap.com



ئابلاباي ئۆز كۆڭلىدە: بۇ بالا ناھايىتى سەممىمىي، ئاق كۆ-ڭۈل، قولىدىن ئىش كېلىدىغان بالا ئىكەن. مۇشۇ تاپتا ئۇنىڭ بېشىغا كۈن چۈشۈپتۇ. مەن ئۇنى ئۆزۈمگە بالا قىلىۋېلىپ ياخشى يولغا باشلاپ قويسام، خۇدا ئالدىدىمۇ ئىككىنچى نۆۋەت ھەرەمگە بارغانغا باراۋەر بولامدۇ؟ دەپ ئويلاپ:

— ئوغلۇم، سەن يول بويى ماڭا ياخشى ھەمراھ بولۇپ ئىش-لىرىمغا ياردەملەشتىڭ، سەن بولمىغان بولساڭ يالغۇزچىلىقتا سەپەر ئازابىنى يەتكۈدەك تارتقان بولاتتىم. مەن سېنى كۆڭلۈمدە ئۆز ئوغلۇمدەك ھېس قىلىۋاتىمەن. ماقۇل كۆرسەڭ مەن سېنى ئوغۇل قىلىۋالسام ھەمدە كېيىنكى ئىشلىرىڭنى ئۆزۈم ئورۇنلاش-تۇرسام قانداق؟ — دەپتۇ. يىگىت بولسا مىڭ مەرتەم رازى ئىكەن-لىكىنى بىلدۈرۈپتۇ.

— ئۇنداق بولسا مېنىڭ ئەقىل - پاراسەت، ئەدەپ - ئەخلاقتا يېتىشكەن بىر قىزىم بار. شۇ قىزىمنى ساڭا بېرىشنى لايىق كۆرۈۋاتىمەن. ئەگەر چىقىشقۇدەك بولساڭلار مەن سىلەرنىڭ تويۇڭلارنى لايىقىدا قىلىپ، ئۆي تۇتۇپ بېرىمەن، — دەپتۇ ئابلا-باي.

يىگىت خۇشاللىق بىلەن بۇ سۆزلەرگە ماقۇللۇق بىلدۈرۈپ-تۇ. ئابلاباي بولسا يىگىتكە قىزىنى چوقۇم بېرىش توغرىسىدا ۋە-دە بېرىپتۇ. ئۇلار بىر ئايلىق سەپەرنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، ئۆز يۇر-تىغا ئاخىرى ساق - سالامەت يېتىپ كەپتۇ.

ئۇلار بۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن. ئەمدى گەپنى قىزى ۋە ئۇس-تازىدىن ئاڭلايلى:

ئابلاباي قىزنىنى ئۇستازىغا تاپشۇرۇپ ھەجگە كەتكەندىن كېيىن، قىز بىلەن ئۇستازى خۇددى ئاتا - بالىلاردەك ئۆتۈپتۇ. ئۇستازى بولسا قىزغا كۆپ تەرەپتىن بىلىم ئۆگىتىپتۇ. قىزنىڭ داڭقى شەھەرنى بىر ئاپتۇ. قىزنىڭ ھۆسن - جامال، ئەقىل - پاراسەتتە تەڭداشسىز چوڭ بولغانلىقىنى ئاڭلىغان شەھەر كاتتىلىرىنىڭ بەگزادىلىرى قىزغا ئەلچى بولۇپ كەپتۇ. ئۇستاز بولسا ئەلچىلەرنى ھەر خىل باھانە - سەۋەبلەر بىلەن قايتۇرۇپتۇ. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن قىز چوڭ بولۇپتۇ. ئۇستاز ئابلابايدىن ھېچقانداق خەۋەر ئالالمىغاندىن كېيىن، قىزنى ياتلىق قىلمىسا بولمايدىغانلىقىنى ئويلاپ، ئۇنى شەھەردە داڭقى بار بىر سودىگەرنىڭ ئوغلىغا بېرىشكە قوشۇلۇپتۇ. ئىككى تەرەپ توي تەييارلىقىغا تۇتۇش قىپتۇ. شۇ ئەسنادا ئابلا باي بۇ شەھەرگە يېتىپ كەپتۇ ھەمدە ئۆيىگىمۇ بارماستىن، يىگىتنى باشلاپ ئۇدۇل قىز ۋە ئۇستازنىڭ ئۆيىگە بېرىپتۇ. ئاتا - بالا قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپتۇ، ئامانلىق سورىشىپتۇ.

ئابلاباي باشلاپ كەلگەن يىگىت قىزنى بىر كۆرۈپلا ئاشىق - بىقارار بوپتۇ. ئابلاباي قىزنىڭ ئۇستازى بىلەن پاراڭلىشىپ بېشىدىن كەچۈرگەنلىرىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ، ئاخىردا باشلاپ كەلگەن يىگىتنى چۈشەندۈرۈپ، يولدا ئىنتايىن ياخشى ھەمراھ بولۇپ كەلگەنلىكىنى، ئۆزىگە ئوغۇل قىلىپ قىزنى ئۇنىڭغا بېرىشكە ۋەدە قىلغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. قىزى ئۇستازى بىلەن غەمگە پېتىپ، ئابلا باي كەتكەندىن كېيىن قىزنى ئاسراپ تەربىيەلىگەنلىكى، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن قىزنىڭ چوڭ بولۇپ قالغانلىقى،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



نۇرغۇن ئەلچىلەرنىڭ كەلگەنلىكى، ئۈچ يىلغىچە ئابلابايىنىڭ دې -
رىكىنى ئالالماي ئاخىرى قىزنى بىر سودىگەرنىڭ ئوغلىغا ياتلىق
قىلىشقا پۈتۈشۈپ توي تەييارلىقى قىلىۋاتقانلىقىنى ئېيتىپتۇ.
شۇنىڭ بىلەن ئۇلارغا باش قېتىنچىلىقى چۈشۈپتۇ. ئۇلار ھەر -
قانچە ئويلاپمۇ بىرەر ئامال تاپالماپتۇ ھەمدە ئۇلار بىر - بىرىگە
ياكى ئۇنداق، ياكى مۇنداق بولسۇن دېيىشەلمەپتۇ.
قېنى جېنىم بالام، ئۇلارنىڭ غەمدىن خالاس بولۇش ئۈچۈن،
قىزنى ئۈككى يىگىتتىن قايسىبىرىگە بېرىش كېرەك؟

چۆچەكنىڭ ئاخىرىدىكى بۇ سوئال بىلقۇتجاننىمۇ خېلى
قىيىنغاندەك قىلاتتى. ئۇ بۇ سوئالنىڭ جاۋابىنى چوقۇم تېپىشقا
بەل باغلىغان چېغى، كۆزلىرىنى بىر نۇقتىغا تىككەنچە خىيال
سۈرۈشكە باشلىدى. بوۋايمۇ ئۇنىڭ خىيالىغا دەخلى قىلمىدى. ئۇ
بىر ھازا ئويلانغاندىن كېيىن، ئۆز - ئۆزىگە دېگەندەك:
— بىر قارىماققا، قىزنى ئاتىسى ئابلابايغا ھەمراھ بولۇپ
كەلگەن يىگىتكە بەرسە توغرا بولىدىغاندەك قىلىدۇ، — دېدى ئۇ
غۇدۇڭشۇپ تۇرۇپ، — ئەمما، ئابلاباي ھەجگە بېرىشتىن ئىلگىرى
ئۇستازغا قىزنى ئۆزى مۇۋاپىق كۆرگەن بىرەر يىگىتكە ياتلىق
قىلىشنى تاپىلىغان. بۇ تاپىلىشى ماھىيەتتە ۋەدە قىلغىنى بىلەن
ئوخشاش. ئۈچ يىل ئۆتكەندىن كېيىن، ئابلاباي يولدا ئۇچرىشىپ
قالغان يىگىتنىڭ سەممىيلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، بىر - بىرىدىن
خەۋەرسىز ھالدا قىزنى ئۇنىڭغا بېرىشكە قوشۇلىدۇ، بۇ ماھى-
يەتتە ئابلابايىنىڭ ئەجەللىك خاتالىقى، چۈنكى، ئۇ بىر ئىشقا

ئىككى قېتىم ۋەدە قىلغان. ئەگەر شۇ ۋاقىتلاردا ئالاقە راۋان بولغان بولسىدى، ئارىدا بۇنداق ئوقۇشماسلىقمۇ يۈز بەرمىگەن بولاتتى، ھەممىنى قىلغان شۇ ئالاقىنىڭ يوقلۇقى!

— تېلېفون يوق، دېمەكچىمۇسەن؟ — دېدى بوۋاي قاقاھلاپ كۈلۈپ.

— شۇ ئەمەسمۇ، — دېدى بىلقۇتجانمۇ كۈلۈپ، — ئەگەر تېلېفون بولغان بولسا، ئۇلار پات - پات ئالاقە قىلىپ، ئەھۋاللىشىپ تۇراتتى، ھەممە ئىشتىن ۋاقتىدا خەۋەر تېپىشاتتى، شۇنىڭ بىلەن بۇنداق ئوقۇشماسلىقمۇ يۈز بەرمىگەن بولاتتى...

— ئەگەر تېلېفون بولغان بولسا، — دېدى مۆھتەرەم بوۋاي بىلقۇتجاننىڭ خىيالىنى تېخىمۇ قاناتلاندۇرۇپ، — ئاتا - بالا، ئۇستاز ۋاقتى - ۋاقتىدا ئالاقىلىشىپ تۇراتتى. ئەگەر ئۇستازى: ئابلاباي، مەن قىزلىرىغا بىر ياخشى يىگىت تېپىپ قويدۇم، ئۇ يىگىت قىزلىرىنىڭ كۆڭلىگىمۇ ياقتى، ۋاقتىدا توينى قىلىۋېتەيلى، سىزمۇ ھەرەمدىن كېلىپ قاتنىشىپ بەرسىڭىز بولاتتى، دېسە؛ ئابلاباي: ۋاي جېنىم ئۇستاز، بۇرادىرىم، خاپا بولماي شۇ ئىشتا بىر توختاپ تۇرغان بولساڭلار، ماڭا ھەرەمدە بىزنىڭ يۇرتلۇق بىر ياخشى يىگىت ئۇچراپ قالدى، مەن قىزىمنى شۇنىڭغا بېرىشكە ۋەدە قىلىپ قويدۇم. پات ئارىدا ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ ۋەتەنگە قايتىمىز، شۇ چاغدا قىزىمنىڭ توينى قىلساق، دەپ كەتسە - ھە؟

— ھەئە...! — دېدى بىلقۇتجانمۇ بۇ تەسەۋۋۇردىن قانغۇچە ھوزۇرلىنىپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



— بولدى ئەمدى، تېپىشماقنىڭ جاۋابىنى تاپماي كولۇشۇپ ئولتۇرۇۋەرسەكمۇ بولماس، تېپىشماقنىڭ جاۋابىنى تاپايلى، — دېدى بوۋاي.

— قىزنى ئۇستازى تېپىپ بەرگەن سودىگەرنىڭ ئوغلىغا بېرىش توغرىمۇ ئېمە؟ — دېدى بىلقۇتجان بوۋىسىغا سوئال نەزە-رىدە تىكىلىپ.

— جاۋابىنى يەنە مەن دەمدىم؟

— سىز ئەڭ توغرىسىنى دەپ بېرىڭ! — دېدى بىلقۇتجان.

بوۋاي گېلىنى قىرىپ تۇرۇپ دېدى:

— بۇنىڭ ئەڭ توغرا جاۋابى: قىزنى ئۇستاز بىلەن پۈتۈشكەن يىگىتكە بەرسە مۇۋاپىق، چۈنكى ئابلاباي ھەج سەپىرىگە مېڭىش-تىن ئىلگىرى ئۈزىنىڭ قايتىپ كېلىش ۋاقتى ئۇزىراپ كەتسە ئۇستازىنىڭ قىزىغا ئاتىدارچىلىق قىلىپ ياتلىق قىلىشىنى تاپى-لىغان. دەر ھەقىقەت، ئابلاباي قايتىپ كەلگىچە نەچچە يىل ئۆ-تۈپ، قىز بويىغا يېتىپ قالغان.

— ۋوي...! — دېدى بىلقۇتجان تۇيۇقسىز خۇشال بولۇپ، — مېنىڭ دېگىنىم يەنە توغرا چىقىپ قالدىغۇ؟

— شۇنداق بولمايچۇ، سەن دېگەن ئەقىللىق بالا تۇرساڭ!

ئەتىسى ئۇلار يەنە بىر يەرگە جەم بولدى. بىلقۇتجان بوۋىسى-نى يەنە چۆچەكلىك تېپىشماق ئېيتىپ بېرىشكە قىستىدى. بو-ۋىسىنىڭ تەييارلىقى پۇختا ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنى بەك يې-لىندۇرمايلا، چۆچەكنى باشلىۋەتتى.

# قىزنىڭ ئەپچىل چارىسى

پادىشاھ ۋەزىرلىرىنى سىناپ بېقىش ئۈچۈن، پات ـ پات ھەر خىل چارىلەرنى قوللىنىپ بىرەر ئىشنى قىلدۇرۇپ باقىدىكەن. چۈنكى پادىشاھ ۋەزىرلەرنىڭ ئەقىللىق بولۇشىنى، ئىشلارنى ئەقىل ئىشلىتىپ قىلىشىنى، تەدبىرلىك، ماھارەتلىك بولۇشىنى تولىمۇ ئارزۇ قىلىدىكەن. بىراق ۋەزىرلەر دائىم پادىشاھنىڭ دېگەن يېرىدىن چىقالمايدىكەن. ئىشلارنى ياكى ئۇنداق ياكى مۇنداق بۇزۇپ قويۇپ پادىشاھنىڭ غەزىپىگە قالىدىكەن. بۇنىڭدىن پادىشاھنىڭ كۆڭلى تولىمۇ يېرىم بولىدىكەن. شۇنداق قىلىپ كۈنلەر ئۆتۈۋېرىپتۇ. ئۆمۈر ئاز ـ ئازدىن كېتىۋېرىپتۇ. پادىشاھمۇ قېرىشقا باشلاپتۇ. پادىشاھنىڭ ئوغلى چوڭ ئەمەس، پادىشاھلىق تەختىگە ئولتۇرىدىغان ۋاقتى بولۇپ قاپتۇ. پادىشاھنىڭ ئوغلى تەختكە ئولتۇرغاندىن كېيىن، ۋەزىرلەر توغرا مەسلىھەت ۋە تەدبىر كۆرسىتىپ بېرەلمەي تەختنى ۋەيران قىلىۋېتىشتىن تولىمۇ ئەنسىرەيدىكەن. بۇلارنى ئويلىسا بەكمۇ بېشى قاتىدىكەن. كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، ئايلار ئۆتۈپتۇ. پادىشاھ يەنە ۋەزىرلىرىنى سىناپ باقماقچى بولۇپ، بىر ۋەزىرىگە:

— ساڭا بىر ۋەزىپە بار، ئەتىلىككە سەن ئىككى مىڭ قوينى بازارغا ئاپىرىپ سېتىپ، كەچتە ساتقان پۇل بىلەن قويلارنى قايـ

ئۇيغۇر كىتاب توربېكىتى
www.uyghurkitap.com



تۇرۇپ كېلىسەن، ئىسىڭدە بولسۇنكى، قويدىن بىرىمۇ كەم بولمىسۇن، — دەپتۇ.

ۋەزىر نائىلاج ماقۇل بوپتۇ، لېكىن كۆڭلىدە: «قوينى ساتسام، ئىككى مىڭ تۇياق قوينى ساق تاپشۇرۇش مۇمكىن ئەمەس، ئەگەر ئىككى مىڭ تۇياق قوينى ساق ياندۇرۇپ كەلسەم، قوي ساتقان پۇل يوق بولىدۇ» دەپ تازا بېشى قېتىپتۇ، بىرەر مۇۋاپىق چارە تاپالماي گاڭگىراپتۇ. ئۆيگە گويا ئۇزۇن يىل كېسەل تارتقان كىشىدەك سولغۇن قايتىپ كېلىپتۇ. بېشى ئايلانغاندەك بولۇپ دۇم چۈشۈپ يېتىپتۇ. خېلى ئۇزۇنغىچە ئۈندىمەپتۇ. دادىسىنىڭ بىر قىسما بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرگەن قىزى دادىسىدىن ئەھۋال سوراپتۇ:

— دادا نېمە بولدىڭىز، تاۋۇلىرى يوقمۇ؟ باشلىرىغا بىرەر مۇشكۈلات كەلدىمۇ؟

ۋەزىر ھەسرەتلەنگەن ھالدا پادىشاھنىڭ بەرگەن بۇيرۇقىنى بىر - بىرلەپ قىزىغا دەپ بېرىپتۇ. قىزى دادىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، بىردەم ئويلىنىپ تۇرۇپ دادىسىغا بىر ئەقىل كۆرسىتىپتۇ. ۋەزىر پادىشاھنىڭ بۇيرۇقىنى قىزىنىڭ كۆرسەتكەن ئەقلى بويىچە ئورۇنداپ ئوردىغا كېلىپتۇ. پادىشاھ ۋەزىرنىڭ ۋەزىپىنى ئورۇندىغانلىقىغا بارىكاللا ئېيتىپتۇ. ئەمما بۇ ئىشلارنى ئۇنىڭ قىلغانلىقىغا ئىشەنمەپتۇ. كۆڭلىدە چوقۇم بىرى ئەقىل كۆرسەتتى دەپ ئويلاپتۇ. ۋەزىر بىردەم تۇرغاندىن كېيىن قىزىنىڭ ئەقىل كۆرسەتكەنلىكىنى راستچىللىق بىلەن دەپ بېرىپتۇ. پادىشاھ ۋەزىرنىڭ قىزىغا بارىكاللا ئېيتىپتۇ،

كۆڭلىدە بۇ قىزنى ئوغلىغا ئېلىپ بېرىشنى لايىق كۆرۈپتۇ.
قېنى بالام، قىز قانداق ئۇسۇل بىلەن دادىسىنى خىجىللىق-
تىن قۇتۇلدۇرۇپ، پادىشاھنىڭ ماختىشىغا مۇيەسسەر بولالىدى؟

بۇ سوئالدىن بىلقۇتجان يەنە بىرئاز گاڭگىرىدى، لېكىن تې-
پىشماقنىڭ جاۋابىنى تېپىش ئۈچۈن پۈتۈن كۈچى بىلەن تىرى-
شىپ باقتى. ئەمما، ئاخىردا ئامال قىلالماي:
— بۇمۇ قوي بېقىپ باقىمىز، يېزىدا تۇرمۇش كەچۈرگەن ئا-
دەملەر جاۋابىنى ئاسان تاپالايدىغان تېپىشماق ئىكەن. ماڭا يەنە
بىرئاز ۋاقىت بېرىڭ. ھەر ھالدا تېپىپ باقاي، توغرا بولماي قال-
سا سىز تۈزىتىپ بېرەرسىز، — دېدى.
— ئەلۋەتتە، — دېدى بوۋاي.
بىلقۇتجان بىردەم ئويلىنىپ تۇرۇپ قالغاندىن كېيىن:
— قارىغاندا ۋەزىر قويلارنى سويۇپ گۆشىنى سېتىپ، تېرى-
لىرىنى قايتۇرۇپ كەلگەن ئوخشىمامدۇ؟ — دېدى.
— ئۇنداقتا، پادىشاھ ۋەزىردىن: قوي قېنى؟ دەپ سورىما-
مدۇ؟
— بۇمۇ خاتا بولۇپ قاپتۇ، ئەگەر ۋەزىر قويلارنى ئەتىگەندە
بازارغا ئېلىپ بېرىپ قىممەت پۇلغا سېتىپ، كەچقۇرۇن ئەرزانغا
سېتىۋالسىچۇ؟
— بازارنىڭ ئەھۋالىنى بىر نېمە دېگىلى بولمايدۇ، بەزىدە
ماللار ئەتىگەندە قىممەت، كەچقۇرۇن ئەرزان بولۇپ قالىدۇ، بەزى-
دە ئەتىگەندە ئەرزان، كەچقۇرۇن قىممەتلىشىپ قالىدۇ. شۇنداق

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بولسا ۋەزىر يەنىلا پادشاھنىڭ تەلىپىدىن چىقالمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆزى بازارغا ئېلىپ بارغان قويلارنىڭ نەق ئۆزىنى پۇل قىلىپ، ئاندىن يەنە ئۇلارنى قايتۇرۇپ كېلىش شەرت قىلىنغان، — دېدى چۈشەندۈرۈپ.

بىلقۇتجان يەنە ئويلىنىپ تۇرۇپ قالدى.

— مەن پەقەت تاپالمىدىم، راستىنىلا تاپالمىدىم، ماڭا ياردەم قىلمىسىڭىز بولمىدى، — دېدى ئۇ ئاخىر.

چارۋىچىلىق بىلقۇتجانغا ناتونۇش ساھە بولغاچقا، ئۇ بۇ تېپىشماقنىڭ توغرا جاۋابىنى تېپىشقا ئامالسىز قالغان ئىدى. شۇڭا مۆھتەرەم بوۋاي ئۇنى توغرا چۈشەندى ۋە ئۇنىڭغا:

— بۇنىڭ توغرا جاۋابى شۇكى: ۋەزىر قويلارنى بازارغا ئاپىرىپ قىرقىپ يۇڭىنىلا ساتقان. كەچقۇرۇن ئۇ پادشاھقا قوي بىلەن يۇڭ ساتقان پۇلنى تاپشۇرغان، — دېدى.

بىلقۇتجان جىدەل قىلىپ تۇرۇپ:

— دېمىدىممۇ، مەن قىلچە بىلمەيدىغان ئىشلار ئىكەن، مەن بىلىدىغان، كۆرۈپ تۇرغان ئىشلار بولسا، مەن بارلىق ئىمكانىيەتلەر بىلەن تېپىشماقنىڭ توغرا جاۋابىنى تېپىشقا تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن بولاتتىم. بىلمىگەچكىلا تاپالمىدىم، شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق - شۇنداق... ئەمدى مۇنۇ چۆچەككە دىققەت قىل، توغرا جاۋابى قايسى، تېپىپ باق.

# پادىچىنىڭ ئەقلى

بۇرۇن بىر باي ئۆتكەنىكەن. ئۇ تولىمۇ پىخسىق، بېخىل، قۇۋ بولغاچقا ئەل ئىچىدە ياخشى نامى ئەمەس، يامان نامى پۇر كەتكەنىكەن. ئۇ بېخىللىقتىن مالايلىرى تۇرماق، ئۆزىنىڭ قورسىقىغا يېيىشكىمۇ كۆڭلى قىيمايدىكەن. ئەل ئىچىدە ئېلىم-بېرىم ئىشلىرىدا كىشىلەرگە قەرزدار بولۇپ قالسا، قەرزنى قايتۇرۇپ بېرىش ئۇخلاپ چۈشىگىمۇ كىرمەيدىكەن. كىشىلەردە ئېلىشى بار بولسا، كېچىسى جۆيلۈپ ئۇخلىماي، شۇ كىشىنىڭ ئېشىكىنى قېقىپ ئارام بەرمەيدىكەن. شۇڭا بىر نۆۋەت ئۇ باينىڭ دامىغا چۈشكەن كىشىلەر، ئىككىنچى قېتىم باي بىلەن ھېچبىر مۇناسىۋەتتە بولمايدىكەن. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ باينىڭ قاقتى - سوقتىلىق بىلەن قىلىدىغان تاپاۋىتى كۈندىن - كۈنگە ئازىيىپ، ئىچى ئاداپ، تىت - تىت بولۇپ ئولتۇرالماي، ئۆز مالايلىرىنى قاقتى - سوقتى قىلىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ يۈرۈپتۇ. كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، ئايلار ئۆتۈپتۇ، كۈز كېتىپ، قارا قىش كىرىشى بىلەن باي ئۆز كۆڭلىگە پۈككەن غەرەزنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ يولىنى ئىزدەشكە باشلاپتۇ. لېكىن نەچچە كۈنلەرگىچە مۇۋاپىق چارە تاپالماي، تىت - تىت بولۇپ، ئۇيقۇسى كەلمەي جۇدەپ كېتىپتۇ. ئاخىرى ئۆزىنىڭ قۇۋلۇقى بىلەن ھەر قىشلىقى مالايلى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



رىنىڭ قىشتىن چىقىۋېلىشى ئۈچۈن ئېلىپ بېرىدىغان جۇۋىدىن پايدىلىنىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن باي غەرىزىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئىككى جۇۋا تىكتۈرۈپتۇ. ئۇ، سەمەت، ئەمەت، مەمەت قاتارلىق ياۋاش، كۆپ ئىش كۆرمىگەن مالايلىرىنى ئالدىغا چاقىرىپ، ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئىككى جۇۋىنى تاشلاپ:

— سىلەرگە شاپائىتىم كېلىپ، قىشنى خاتىرجەم ئۆتكۈزۈۋېلىشىڭلار ئۈچۈن جۇۋا قىلىپ بەردىم، — دەپتۇ مۇغەمبەرلىك بىلەن. بۇنى ئاڭلىغان مالايلار باينىڭ راستىنلا ئۆچكە يېغى ئېرىپ قالغان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ، جۇۋىلارنى ئاپتۇ. قارىسا بىر جۇۋا كەم ئىكەن. ئۇلار ئۇنىڭدىن ھەيران بولۇپ بىر بايغا قارىسا، بىر ئۆزئارا قارىشىپ، كۆزلىرىنى چەكچەيتكىنىچە تۇرۇپ قاپتۇ. بۇ چاغدا باي مۇغەمبەرلىك بىلەن كۈلۈپ:

— ھا... ھا... ھا... جۇۋا كەمىكەن، — دەپتۇ كۆزىنى پارقىرىتىپ تۇرۇپ، — سىلەرچە بولسا بىرىڭگە بىردىن بولسا بولاتتى، بىراق، سىلەر مېنىڭ ئەمرىمگە بويسۇنۇشۇڭلار كېرەك. ئەگەر بويۇن تولغىساڭلار ھەيدىۋېتىمەن، قارا قىشتا توڭلاپ ئۆلسەڭلارمۇ كارىم يوق!

مالايلار باينىڭ قولىدىن ھەرقانداق يامانلىقنىڭ كېلىدىغانلىقىنى بىلگەچكە، ھېچقانداق قارشىلىق قىلماي، قىشتىن ساق — سالامەت ئۆتۈۋېلىشنى ئويلىشىپ:

— خوش باي ئاكا، دېگەنلىرىدەك بولسۇن، — دەپ باينىڭ ئالدىدا قول قوشتۇرۇپ تۇرۇپتۇ. باي مالايلىرىنىڭ ئىتائەتمەنلىكىدىن مەمنۇن بولۇپ، مىيىقىدا كۈلۈپ:

— سىلەر مۇشۇنداق ئىتائەتمەن بولغاچقا، بۇ جۇۋىلارنى ئې-

لىپ بەردىم، قاراڭلار، بۇ جۇۋىلارنى كىيىشتە مۇنداق بىر شەرت بار. ئەگەر مېنىڭ شەرتىمنى ئورۇندىيالىساڭلار جۇۋىنى سىلەرگە بىكارغا بېرىۋېتىمەن، ئورۇندىيالمىساڭلار ھەربىرىڭ بىر جۇۋىدىنىڭ ئورنىغا ئىككى جۇۋا قەرزدار بولىسىلەر، — دەپتۇ مالايلىرىنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە كىرىۋېلىپ. مالايلار بىر - بىرىگە قارىشىپ تۇرۇپ قاپتۇ. مالايلارنىڭ ئەھۋالىنى كۆرگەن باي يەنە سۆز ئېلىپ:

— بۇ ئىككى جۇۋىنى سىلەر ئۈچۈڭلار بىر ئاي ئىچىدە يىگىرمە كۈندىن كىيىسىلەر. بىر جۇۋىنىڭ ئىچىگە ئىككى ئادەم كىرىۋېلىشقا، ئىككى جۇۋىنى قاتلاپ بىر ئادەم كىيىۋېلىشقا بولمايدۇ. مۇشۇ شەرتنى ئورۇندىيالىساڭلار، جۇۋا سىلەرنىڭ، بولمىسا ھەربىرىڭ ئىككى جۇۋىنى تۆلىمەي مېنى رەھىم قىلىدۇ، دەپ خام خىيال قىلىشما، — دەپتۇ.

مالايلار باينىڭ ۋەھىمىسىدىن قورقۇپ، باي قويغان شەرتنىڭ تېگى - تەكتىنى ئويلاپ كۆرمەيلا غەم - ئەندىشىگە پېتىپتۇ. چۈنكى ئۇلار بىر تەرەپتىن باينىڭ شەرتىنى ئورۇندىيالماي قېلىشتىن قورقسا، يەنە بىر تەرەپتىن قارا قىشتا ئۆي - ماكانسىز قېلىشتىن قورقۇپتۇ. ئاخىرى: «جان بولسا جاھان، ئاش بولسا قازان» دەپ ئويلاپ، جۇۋىلارنى قولتۇقلىغىنىچە باشلىرىنى ساڭگىلىتىپ، روھى چۈشكۈن، چىرايلىرى سولغۇن ھالدا باينىڭ ئالدىدىن چىقىپ كېتىۋېتىپ، باينىڭ ئاق كۆڭۈل، ئەقىللىق، زېرەك مالچىسىغا ئۇچراپ قاپتۇ. مالچى ئۈز ھەمراھلىرىنىڭ پەرىشان ھالىنى كۆرۈپ، سۈكۈت قىلىپ تۇرۇشقا كۆڭلى قىيماي، ئۇلارنىڭ ئالدىغا بېرىپ:

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



— ھالىڭلار پېتىر تۇرىدۇ، بېشىڭلارغا كۈن چۈشكەن ئوخ-
شايدۇ، — دەپ ئەھۋال سوراپتۇ. مالايلار كۆزلىرىنى سەبىي با-
لىلاردەك مۆلدۈرلىتىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئىلاجسىز قالغان بىچارە
قىياپىتىنى ئىپادىلەپ لام - جىم دېمەي تۇرۇشۇپتۇ. ئۆز
ھەمراھلىرىنىڭ ئەھۋالىنى كۆرگەن مالچىنىڭ باغرى پۇچىلد-
نىپ، تىنچ تۇرالماي، تاقەتسىزلىنىپ:

— گەپ قىلساڭلارچۇ، بار مەسلىھەت ئىش قىلمايمىزمۇ، —
دەپ تىت - تىت بولۇپ كېتىپتۇ. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن مالايلار
مالچىنىڭ ئۆزلىرىگە ھېسداشلىق قىلىپ، ياردەم بەرمەكچى بو-
لۇۋاتقانلىقىنى چۈشىنىپ، باي بىلەن ئۆزلىرى ئوتتۇرىسىدا بو-
لۇپ ئۆتكەن ئىشنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. مالچى بىر ھازا قوشۇمى-
سىنى تۈرۈپ تۇرغاندىن كېيىن:

— سىلەر جۇۋىلارنى خاتىرجەم كىيىڭلار. باينىڭ سىلەرگە
كولىغان ئورىسىغا ئۆزىنى چۈشۈرەيلى، — دەپتۇ ۋە ئۆزىنىڭ
ئويلىغانلىرىنى مالايلارغا چۈشەندۈرۈپتۇ.

مالايلار مالچىنىڭ ئەقىل - پاراستىگە ئاپىرىن ئېيتىشىپ،
خۇشاللىق بىلەن مالچىنىڭ كۆرسەتكەن ئەقلى بويىچە جۇۋىنى
كىيىشكە باشلاپتۇ.

ئاي توشقاندا باي مالايلىرىنى ئالدىغا چاقىرتىپ كۆرەڭلىگەن
ھالدا:

— قانداق، شەرتنى ئورۇندىيالىدىڭلارمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.
بۇ سوئالغا مالايلارنىڭ ئۈچىلىسى تەڭلا:

— ئورۇندىدۇق، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ. مالايلارنىڭ جاۋابى-
نى ئاڭلىغان باينىڭ قۇيقا چاچلىرى تىك تۇرۇپ، كۆزلىرى چا-

ناقلىرىدىن چىقىپ كېتىدىغاندەك پارقىراپ كېتىپتۇ. باي ئاغ-
زىدىن كۆپۈكلىرىنى چاچرىتىپ، زەردە بىلەن:
— قېنى قانداق ئورۇندىدىڭلار، — دەپ ۋارقىراپتۇ. سەمەت
بىر قەدەم ئالدىغا چىقىپ، مالچىنىڭ ئۆگەتكىنى بويىچە ھەممىنى
سۆزلەپ بېرىپتۇ.
ئۆزىنى ئەقىللىق ساناپ، شۇنچە ۋاقىتنى سەرپ قىلىپ تاپ-
قان چارىسىنىڭ مالايلارنىڭ ئالدىدا كارغا كەلمەي قالغانلىقىغا،
جۇۋىسىدىن ئايرىلىپ قالغانلىقىغا چىدىمىغان باي:
— مېنىڭ جۇۋام... — دەپ تىرىڭگىمدە ئۇچۇپ چۈشۈپتۇ.
مالايلار ئىككى جۇۋىنى ئېلىپ چىقىپ كېتىپتۇ. شۇنىڭدىن كې-
يىن مالايلار بىر - بىرى بىلەن ھەمدەمدە بولۇپ، ئىتتىپاقلى-
شىپ، باينىڭ ھەرقانداق ھىيلە - مىكىر، قۇۋلۇقلىرىنى يېڭىپ،
تىنچ - خاتىرجەم ياشاپتۇ.
قېنى، ئويلاپ كۆرگىنە، مالچى ئۇلارغا قانداق ئەقىل ئۆگەت-
كەن؟

بىلقۇتجانغا بۇ چۆچەكلىك تېپىشماقنىڭ جاۋابىنى تېپىشمۇ
تەسكە توختىدى. دېمىسىمۇ، بۇنىڭ جاۋابىنى تېپىش ئۇنچە ئاسان
ئەمەس ئىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن ھېسابلاشقا ماھىر بولۇپلا قالماي،
يەنە كاللا ئىشلىتىشكىمۇ ماھىر بولۇش كېرەك ئىدى.
— بۇنىڭ جاۋابىنى تېپىشتا سەل قىينىلىپ قالدىڭ - ھە؟ —
دېدى بوۋىسى ئۇنىڭغا، — قارىسام يا لام يا جىم دېمەيسەن، دېمى-
سىمۇ، بۇ تېپىشماقنىڭ جاۋابىنى تېپىش ئۇنچە ئاسان ئەمەس.
— ئويلاۋاتىمەن، ئويلاۋاتىمەن، ئەمما ھېچبىر جاۋابىنى تا-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



پالمايۋاتىمەن، — دېدى بىلقۇتجان بوۋىسىغا مەيۈس قاراپ، — قارىغاندا ئىككى جۇۋىنى ئۈچ مالاي ئون كۈندىن ئالماشتۇرۇپ كىيسە بولىدىغاندەك تۇرىدۇ، ئۇنداق دېسەك، يەنە بەزى يېرى قاملاشماي قالىدۇ... مەن ئويلاپ - ئويلاپ پەقەت تېگىگە يېتەلمەي قېلىۋاتىمەن. قويچى مالايلارغا قانداق ئەقىل كۆرسەتكەن بولغىيدى؟

— بولدى قوزام، مەنمۇ سېنى چوقۇم تاپىسەن دەپ كۆزۈڭگە كىرىۋالماي، بولمىسا بەك قىينىلىپ كېتىدىغاندەك تۇرىسەن. توغرا جاۋابنى ئۆزۈملا دەپ بېرەي. مالچى ئۇلارغا: ئالدى بىلەن جۇۋىنى ئەمەت بىلەن سەمەتنىڭ تەڭ كىيىشىنى، سەمەتنىڭ ئون كۈن كىيىپ مەمەتكە سېلىپ بېرىشىنى، قالغان يىگىرمە كۈندە سەمەت كىيگەن جۇۋىنى مەمەت كىيىشنى، ئەمەت سەمەت بىلەن تەڭ كىيگەن جۇۋىنى يىگىرمە كۈن كىيىپ قەرەلى توشقاندا سەمەتكە سېلىپ بېرىشنى، سەمەت ئەمەت سېلىپ بەرگەن جۇۋىنى كىيىپ كەم قالغان ئون كۈننى تولدۇرۇشنى، شۇنىڭ بىلەن ئۈچ ئادەمنىڭ بىر ئاي ئىچىدە ئىككى جۇۋىنى يىگىرمە كۈندىن كىيىپ چىققىلى بولىدىغانلىقىنى ئېيتقان.

— ۋاي - ۋۇي...! نېمىدېگەن مۇرەككەپ گەپلەر بۇ! — دېدى بىلقۇتجان، — مەن ھەرقانچە ئويلىغان، ھېسابلىغان تەقدىردىمۇ تاپالماسكەنمەن. سىز ئېيتىپ بەرگەن توغرا جاۋابىڭىزنىمۇ ھېلى ئاڭلاپلا ئۇنتۇپ قالغۇدەك بولۇۋاتىمەن...

— ئۇنداق بولسا باشقىسىنى ئېيتاي، — دېدى مۆھتەرەم بوۋاي.

# مىڭ تەڭگە پۇل

ئۆتكەن زاماندا بىر سودىگەر بار ئىكەن، كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ ئىككى ھەمراھى بىلەن ياقا يۇرتلارغا قاراپ سودا ئىشلىرى بىلەن يولغا چىقىپتۇ. ئۇلار خېلى يوللارنى بېسىپ، تاغ - داۋانلاردىن ئېشىپ، بىر شەھەرگە كېلىپ بىر سارايغا چۈشۈپتۇ. ئۇلار بۇ يەردە بىرنەچچە كۈن تۇرغاندىن كېيىن، يەنە باشقا يەرگە بېرىشقا تەرەددۇت قىلىپتۇ. ئۇلار مېڭىش ئالدىدا ئۆزلىرى چۈشكەن سارايىنىڭ ئىگىسىگە مىڭ تەڭگە پۇلنى بېرىپ، قايتىشىدا ئالىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ ۋە پۇلنى ئۈچ ئادەم تەڭ كەلگەندىن كېيىن ئاندىن بېرىش ھەققىدە مەسلىھەتلىشىپ، سارايۋەنگە تاپىلاپتۇ. سارايۋەن بۇلارنىڭ گېپىگە قوشۇلۇپ، ئۈچ ئادەم تەخ بولغاندىلا ئاندىن پۇلنى بېرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، پۇلنى ئېلىپ قاپتۇ. شۇنداق قىلىپ، سودىگەرلەر خاتىرجەم يولغا چىقىپتۇ.

كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، ئايلار ئۆتۈپتۇ، ئۇلار خېلى كۆپ جايلارنى ئايلىنىپ ھېلىقى سارايغا قايتىپ كېلىپتۇ. ياتاقلارغا ئورۇنلىشىپ، يۈز - كۆزلىرىنى يۇيۇپ تاماققا تۇتۇش قىلىپتۇ.

تاماق يېيىلىۋاتقاندا، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىرى پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ ئىچكىرىكى ئۆيگە غىپپىدە كىرىپتۇ - دە، سارايۋەنگە چاندۇرماستىن:

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



— بىز ئۇچەيلەن تولۇق كەلدۇق، بۇگۈن پۇلنى ئېلىپ ئۆ-يىمىزگە قايتىپ كەتمەكچىمىز، پۇلنى بېرىۋېتىسىڭىز، — دەپتۇ. سارايۋەن ئىشەنگۈسى كەلمەي تاشقىرىقى ئۆيگە قاراپ بېقىپتۇ. قارىسا راست دېگەندەك تاشقىرىقى ئۆيدە ئىككى سودىگەر تاماق يەۋاتقانىكەن. سارايۋەن سودىگەرنىڭ گېپىگە ئىشىنىپ پۇلنى بې-رىۋېتىپتۇ. پۇلنى ئالغان سودىگەر ئىككىسىنىڭ تاماق يەۋاتقان پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ غىپپىدە تىكىۋېتىپتۇ. ئارىدىن خېلى ۋاقىت ئۆتۈپتۇ. ئىككى سودىگەر تاماقلىرىنى يەپ بولۇپ خېلى ئولتۇرۇپتۇ. ئۇچىنچى سودىگەرنى ساقلاپتۇ، ئەمما ئۇ كەلمەپتۇ. ئاخىر ئۇلار سارايۋەننىڭ قېشىغا كىرىپتۇ، پۇلنى ئېلىپ كېتە-دىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. بۇ ئىككى سودىگەرنىڭ گېپىنى ئاڭلىغان سارايۋەن داڭقېتىپ تۇرۇپ قاپتۇ، نېمە ئىش بولغانلىقىنى ئاڭ-قىرالماپتۇ. ھېلىلا سودىگەرگە پۇلنى بەرگەنلىكىنى ئېيتىپتۇ. ئەمما ئىككى سودىگەر پۇلنى ئالمىغانلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ. بۇلار خېلى تالاش - تارتىش قىلىپتۇ. ئاخىر سارايۋەن ئۆزىنىڭ ئالدان-غانلىقىنى بىلىپتۇ. ئىككى سودىگەر بۇرۇنقى كېلىشىمنى كۆر-سىتىپ، پۇلنى تۆلەپ بېرىشكە قىستاپتۇ. سارايۋەن ئۆزىنىڭ زى-يان تارتىدىغانلىقىنى ئويلاپ بەكمۇ ئازابلىنىپتۇ، ئاھ ئۇرۇپتۇ، چارە ئىزدەپتۇ، ئامال تاپالماپتۇ. كەچ بولغاندا غەمكىن سالپىيىپ ئۆيىگە قايتىپتۇ. كۆڭلى غەزادىن كېتىپتۇ. بوۋىسىنىڭ پەرىشان-لىقىنى كۆرگەن كىچىك نەۋرە قىزى نېمە ئىش بولغانلىقىنى سوراپتۇ. بوۋاي خورسىنغان ھالدا:

— ئەي قىزىم، نېمىش بولاتتى، بېشىمغا كۈن چۈشتى، بىر

كاززاپ مېنى ئالداپ كەتتى. ئەمدى مەن مىلىڭ تەڭگە زىيان تارتـ-
ىدىغان بولدۇم. قېرىغاندا بۇ ئىش ماڭا ئېغىر كېلىۋاتىدۇ. بېشىم
قاتتى. بۇنىڭغا نېمە چارە؟! قولىدا پوتونشكەن ئىسپات خەت تۇر-
سا، ئامال قىلىش مۇمكىنمۇ؟ ـــ دەپتۇ. قىز:
ـــ نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى مەن بىلىپ باقسام بولارمۇ،
سىزنى قانداق قىلىپ كاززاپ ئالداپ كەتتى؟ ـــ دەپتۇ.
سارايۋەن بولغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى نەۋرە قىزىغا دەپ
بېرىپتۇ. قىز بوۋىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ:
ـــ غەم قىلماڭ بوۋا، بۇ ئاسان ئىشكەنغۇ، «سىز مۇنداق...
مۇنداق... قىلىڭ» ـــ دەپ مەسلىھەت بېرىپتۇ.
قىزنىڭ جاۋابى سارايۋەننى شادلاندۇرۇپتۇ، كۆڭلىدىن غەم
تۇمانلىرى تارقىلىپتۇ، دىلى نەۋرە قىزىدىن سۆيۈنۈپتۇ، كېچىنى
بۇرۇنقىدەك خاتىرجەم تاتلىق ئۇيقۇ بىلەن ئۆتكۈزۈپتۇ.
ئەتىسى سارايۋەن ئىككى سودىگەرگە نەۋرە قىزىنىڭ كۆر-
سەتكەن ئەقلى بويىچە جاۋاب بېرىپتۇ. سارايۋەننىڭ گېپىنى ئاڭ-
لىغان ئىككى سودىگەر تىلى تۇتۇلۇپ غىڭ قىلالماپتۇ. باشلىرى
ساڭگىلاپ ئۆز يوللىرىغا راۋان بوپتۇ.
قېنى بالام، سارايۋەننىڭ چېچەن نەۋرىسى ئۇنىڭغا قانداق ئە-
قىل كۆرسەتتى، سىز دەپ بېرەلەمسەن؟

ـــ بۇ ئېنىقلا تۇرمامدۇ؟ ـــ دېدى بىلقۇتجان ئاۋازىنى كۆتۈ-
رۈپ سۆزلەپ، ـــ سارايۋەن بوۋايدىن خاتالىق ئۆتكەن، ئەمما سو-
دىگەرلەردىنمۇ خاتالىق ئۆتكەن، شۇڭا سارايۋەن بوۋاي جىم يې-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



تىۋالسىمۇ بولىدۇغۇ؟

— ئۇنداق يېتىۋالسىغۇ بولىدۇ، ئەمما سودىگەرلەر جىم يې-تىۋالمايدىغۇ؟ ئۇلار بوۋاينى قازىغا ئەرز قىلىشى مۇمكىنغۇ؟ ئۇ چاغدا ئىش تېخىمۇ چوڭىيىپ كەتمەمدۇ؟

— قازىنىڭ يېنىغا بارغاندا سارايۋەن ئېنىق گېپىنى قىلا-لىسىلا بولمىدىمۇ؟ شۇ چاغدا سودىگەرلەرمۇ ئىنسابقا كېلىپ قالار؟

— بۇ يەردىكى مەسىلە، قازىنىڭ يېنىغا بارماي ۋە شۇنداقلا باشقىلارغا داۋراڭ سالماي تۇرۇپ ئىشنى تۈگىتىش. داۋراڭ بولۇش كېتىشنى ھېچكىم خالىمايدۇ، شۇڭا ئەڭ ياخشىسى قانداق چارە قوللىنىش كېرەك. سارايۋەننىڭ نەۋرىسى بوۋىسىغا قانداق ياخشى چارە كۆرسەتكەندۇ؟

— ئۇنداق بولسا، — دېدى بىلقۇتجان ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن چۈشەندۈرۈپ، — سارايۋەنمۇ خۇپسەنلىك قىلىپ: «مەن سىلەرنىڭ ھەممىڭلارنىڭ تەخ ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ئاندىن پۇلنى بەرگەن، قارىقويۇقلا بېرىۋەتكىنىم يوق» دەپلا تۇرۇۋالسا بولغۇ-دەك.

— ئۇنداقتا سودىگەرلەر: «سىز بىزنى كۆرگەن بىلەن بىز سىزنى كۆرمىدۇق، شۇنداقلا بىز يەنە بىر ئۆيدە تاماق يەۋاتقان بولغان بىلەن، ئۇچىمىز دەرقەمتە تۇرۇپ سىزدىن پۇلىمىزنى سورىمىدۇق. سىز ئۆزىڭىز كالتە پەملىك قىلىپ پۇلنى بىرسى-گىلا بېرىۋېتىپسىز، شۇڭا تۆلەڭ» دېسە، سارايۋەن ئەلۋەتتە ئا-مالسىز قالىدۇ.

— ئۇنداقتا، قانداق قىلىش كېرەك؟... — بىلقۇتجان

بىر هازا ئۇيلىنىپ كەتتى، ئاندىن بىردىنلا، — هە، تاپتىم! سو-دىگەرلەردىن بىرى پۇلنى ئېلىپ قېچىپ كەتتى، شۇڭا ئۇلارمۇ ئۈچ ئەمەس، سارايۋەنمۇ، ئۈچۈڭلار تەڭ كېلىڭلار، دېسە بولمىدى-مۇ؟

— هەببەللى! — دېدى بوۋاي خۇشاللىقىدا، — ئەمدى تاپ-تىڭ، تاپقاندىمۇ ناهايىتى توغرا جاۋابىنى تېپىۋالدىڭ. بۇنىڭ ئۆلچەملىك جاۋابى: ئەسلى ئۇلار توختامدا پۇلنى ئۈچ كىشى تەڭ كەلگەندە بېرىشكە پۈتۈشكەن. شۇڭا سارايۋەننىڭ نەۋرىسى: «بىز ئەھدىنامە بويىچە ئىش قىلايلى، پۇلنىمۇ ئۈچ كىشى تەڭ كەلگەن-دە تۆلەيمەن دەڭ» دېگەن. سارايۋەن نەۋرىسىنىڭ كۆرسەتكەن ئەق-لى بويىچە بۇ گەپنى قىلغان. ئىككى سودىگەرنىڭ ئىلاجسىزلىق-تىن تىلى تۇتۇلۇپ، قېچىپ كەتكەن هېلىقى بىرىنى تېپىپ كې-لىش ئۈچۈن سەپەرگە ئاتلانغان.

بىلقۇتجان قايىللىق بىلەن باش لىڭشىتتى. مۆھتەرەم بوۋاي بىلقۇتجاننى ئامراقلىق بىلەن باغرىغا باستى.



كىتاب ئىسمى: بىلقۇت باللار چۆچەكلىرى

تۈزگۈچى: بىلقۇت شىركىتى

مەسئۇل مۇھەررىرى: گۈلباھار، يالقۇن روزى

مەسئۇل كوررېكتورى: قەييۇم تۇرسۇن

لايىھىلىگۈچى: ئەنۋەر تۇرسۇن، ئىلشات (خەتتات)، ئىليار (رەسسام)
مەخمۇتجان (رەسسام)

نەشرىيات: شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن - سىن نەشرىياتى

ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى شىخۇڭ غەربىي يولى 36 - نومۇر

پوچتا نومۇرى: 830000

تارقاتقۇچى: شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى

باسما زاۋۇت: شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتى

فورماتى: 1168 × 850 مىللىمېتىر 1/32

باسما تاۋىقى: 2.5

نەشرى: 2010 - يىل 8 - ئاي 1 - نەشرى

بېسىلىشى: 2010 - يىل 8 - ئاي 1 - بېسىلىشى

كىتاب نومۇرى: ISBN 978 - 7 - 900511 - 10 - 2

باھاسى: 240 يۈەن (جەمئىي 30 تور، يەككە باھاسى 8.00 يۈەن)

www.uyghurkitap.com

تەلىم-تەربىيە ئۈچۈن 教与学

# قىز كىمگە تەئەللۇق

# 女孩属于谁呢

## Qiz kimge te'elluq


01. ئادىل پادىشاھ
02. گۈزەللىك بۇلىقى
03. ئەقىل ۋە مىراس
04. گۈل چامغۇرۋاي
05. ئىككى ھوروز
06. مەلىكە بەرنا
07. مونۇكباي
08. ئۈچ ئوغۇل
09. ئۈر توقماق
10. ۋاپادار ئاكا
11. خېمىر باتۇر
12. خورشىد مەرگەن
13. قارا چاچلىق قىز
14. قوڭغۇز ئاغىچا
15. ياغاچ ئات
16. پېرىل تىپشىم
17. ھۆنەرنىڭ ھېكمىتى
18. پاتىمە بىلەن زۆھرە
19. خاسىيەتلىك بۇلاق
20. ۋىجدانلىق يىگىت
21. تۇردى ماقۇلنىڭ قىزلىرى
22. يامان تەربىيەنىڭ ئاقىۋىتى
23. خاسىيەتلىك گۈل
24. بۇلۇڭكەنى بۆرە يەر
25. ھېكمەتلىك ساندۇق
26. ئېپسىقچاقنىڭ مېھمان چاقىرىشى
27. شاھزادە بىلەن بېلىق
28. قىز كىمگە تەئەللۇق
29. ياخشىلىق يەردە قالماس
30. ياخشى نىيەت بەختكە ھەمراھ



شىنجاڭ بىلقۇت شىركىتىدە تۈزۈلدى 新疆碧利库特公司开发

ISBN 978-7-900511-10-2

9 787900 511102

باھاسى: 240.00 يۈەن (جەمئىي 30 تۈر، يەككە باھاسى 8.00 يۈەن)

价格：240.00 元（共 30 种类，单价 8.00 元）